ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى ھەمراھى

جۇڭگو مائارىپ مىنىستىرلىقى ئوقۇشقا تەۋسىيە قىلغان كىتاب

## زېھىن ئاچىدىغان قىزىقارلىق پەلسەپىۋى ھېكايىلەر

ئېپىكۇر

# خۇشاللىق ۋە ئازاب ھەققىدە ھېكايە


ئاپتورى :پاك خەيېۇڭ (كورىيە)
تەرجىمە قىلغۇچى : گۈزەلنۇر ئابىخان
پىلانلىغۇچى : ئەركىن ئەمەت



شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

باللار ئۆگىنىش يۈكى ئېغىر بولۇۋاتقان هازىرقى دەۋردە
پەلسەپە ئۆگىنىشكە تېخىمۇ موهتاج .



本书根据黄山书社 2011 年 8 月第一版、 2011 年 8 月 1 次印刷版本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى: **مۇھەممەد ئەيسا ئۆزئەرك**
گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: **ئىلشات تۇرسۇن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **ئارزىگۈل كېرىم**

زېھىن ئاچىدىغان قىزىقارلىق پەلسەپىۋى ھېكايىلەر
**خۇشاللىق ۋە ئازاب ھەققىدە ھېكايە**

---

| | |
|---|---|
| ئاپتورى: | پۇ خەيىيوڭ (كورېيە) |
| تەرجىمە قىلغۇچى: | گۈزەلنۇر ئابىخان |
| پىلانلىغۇچى: | ئەركىن ئەمەت |
| نەشرىيات: | *شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى*<br>قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى |
| تېلېفون: | 2653927 — 0998 |
| ئادرېسى: | قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى: | 844000 |
| تارقاتقۇچى: | شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى |
| زاۋۇت: | شىنجاڭ يىبەيفېڭ باسما چەكلىك شىركىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى |
| فورماتى: | 1230 × 880 م م 32 / 1 |
| باسما تاۋىقى: | 4.625 |
| نەشرى: | 2013 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى |
| بېسىلىشى: | 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى |
| تىراژى: | 5000 — 1 |
| باھاسى: | 17.00 يۈەن |

---

# مۇھەررىردىن ساۋاقداشلارغا خەت

ساۋاقداشلار:

پەيلاسوپلار سۆزلىگەن پەلسەپىۋى ھېكايىلەر كىرگۈزۈلگەن بۇ كىتابنى ئېلىپ يېنىڭلارغا كەلگىنىمدە سىلەر ئىختىيارسىز قوشۇماڭلارنى تۈرۈپ: «پەلسەپە، بىز قانداقمۇ چۈشىنەلەيمىز؟» دەپ غۇدۇرىشىڭلار مۇمكىن.

شۇنداق، پەلسەپە ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ يۈكسەك جەۋھىرىدۇر. بىز پىكرى ئۆتكۈر ئۇلۇغ ئەربابلارنى تىلغا ئالغاندا، دائىم ئۇلارنى پەيلاسوپ دەپ ئاتايمىز. بىز ئۇلارنىڭ، مەسىلەن لاۋزى، كۇڭزى، ئەپلاتون، سوقرات قاتارلىقلارنىڭ ئىدىيەسىنى نەچچە مىڭ يىل تەتقىق قىلدۇق، ھەتتا ھازىرمۇ تەتقىق قىلىۋاتىمىز. بۇ پەلسەپىنىڭ راستتىنلا سىرلىق پەن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، پەلسەپە ھەممىمىز، جۈملىدىن ساۋاقداشلار كۈندە سورايدىغان دۇنيا دېگەن نېمە؟ ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ قانداق ياشىساق ئۆمرىمىز مەنىلىك ئۆتكەن بولىدۇ؟ بىز دۇنيانى ۋە ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەلەمدۇق؟ دېگەندەك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ. دېمەك، بىز ئۆزىمىزمۇ سەزمەستىن پەلسەپە ئۆگىنىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن،

ئەمما بىز كۆندە ئۇيلايدىغان بۇ مەسىلىلەر پەلسەپە تەتقىق قىلىدىغان ئەڭ ئاساسىي مەسىلىلەر ھېسابلىنىدۇ. پەيلاسوپلار بولسا ئىنسانىيەت مۇلاھىزە قىلىۋاتقان مۇشۇ ئاساسىي مەسىلىلەرنى مەخسۇس تەتقىق قىلغان ۋە بۇ ھەقتە چوڭقۇر تونۇشقا ئىگە بولغان كىشىلەردۇر. ئۇلار قاراڭغۇلۇقتىكى نۇرلۇق چىراغقا ئوخشاش، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ئىلگىرىلەش نىشانىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، نۇرغۇنلىغان كىشىلەرگە ئۈمىد بەخش ئەتكەن.

ساۋاقداشلار، سىلەرنىڭ تۇرمۇشتا، ئۆگىنىشتە گاڭگىراپ قالغان، پەرىشان بولغان ۋاقىتلىرىڭلار بولغانمۇ؟ نېمىشقا بۇنداق گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىقنىڭ بولىدىغانلىقى ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىڭلارمۇ؟ بۇ گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىقنى قانداق تۈگىتىشنى ئويلاپ باقتىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئازراق پەلسەپە ئۆگەنگەن بولساڭلار، پەيلاسوپلاردىن بىرنەچچىنى بىلگەن بولساڭلار شۇنى بايقايسىلەركى، بىزدىكى بۇ گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىق ئەسلىدە ئۇلاردىمۇ بولغان، ھەتتا ئۇلار بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئۆتكۈر قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز بۇلارنى ئاڭلىساق، دىلىمىزنىڭ بىردىنلا يورۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

سىلەر ھازىر يولۇقۇۋاتقان گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىق ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىق بولۇپ، ئۆسۈپ يېتىلىشىڭلارغا، بىلىمىڭلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، نەزەر دائىرەڭلارنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، سىلەرنى ئويغا سالىدىغان مەسىلىلەرمۇ بارغانسېرى كۆپ بولىدۇ، سىلەر ئۇچرايدىغان گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىقلارمۇ بارغانسېرى

كۆپىيىدۇ. ئەگەر سىلەر بۇ گاڭگىراش ۋە پەرىشانلىقلار ئۇستىدىن ئۇزۇكسىز تۇردە غالىب كەلمەكچى، ئۇزۇكسىز ئىلگىرىلىمەكچى ۋە دۇنياغا، كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان تونۇشۇڭلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرماقچى بولساڭلار، چوقۇم بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بارىدىغان پەلسەپە بىلەن، تېخىمۇ كۆپ پەيلاسوپلار بىلەن تونۇشۇشۇڭلار كېرەك. شۇڭا، ھازىردىن باشلاپ ئاڭلىق رەۋىشتە ئازراق پەلسەپە ئۆگىنىشىڭلار، ئۆزلۈكۈڭلاردىن بىر قىسىم ئۇلۇغ پەيلاسوپلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭلار لازىم. بۇ سىلەرنىڭ كېيىنكى ئۆسۈپ يېتىلىشىڭلار ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم.

سىلەرنىڭ كىچىككىڭلاردىن تارتىپ پەلسەپە ئۆگىنىشىڭلارغا، بەزى ئەڭ ئۇلۇغ پەيلاسوپلار بىلەن تونۇشۇشۇڭلارغا ياردەم بېرىش ئۇچۇن، كورېيەدىن كىرگۈزۈلگەن بۇ كىتابنى ئىشلەپ چىقتىم.

سىلەرگە نېمىشقا بۇ كىتابنى تەۋسىيە قىلدىم دېگەندە، بىرىنچىدىن، بۇ كىتاب بەك قىزىقارلىق يېزىلغان بولۇپ، تۇرمۇشۇڭلارغا ۋە قىزىقىشىڭلارغا بەكمۇ ماس كېلىدۇ. ئۇ بىر دەم ئاشۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپلارنى تىرىلدۈرۈپ، ئۆگىنىشتە ۋە تۇرمۇشتا سىلەرگە ھەمراھ قىلىپ، سىلەر بىلەن پىكىر ئالماشتۇرغۇزىدۇ؛ بىردەم بولسا ساۋاقداشلارنى پەيلاسوپلار ياشىغان دەۋرگە باشلاپ بېرىپ، ساۋاقداشلارغا پەيلاسوپلارنىڭ تۇرمۇشىنى، پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيەسى شەكىللەنگەن تۇپراقنى ھېس قىلدۇرىدۇ؛ يەنە بىر دەمدە بولسا بۇ ھېكايىلەر باللار چۆچەكلىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، پەيلاسوپلىرىمىز دېڭىز-ئوكيان، كۆك ئاسمانلاردا سۆزلىيەلەيدىغان بېلىق، قۇشلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنى ئوقۇساڭلار خۇددى ئېكسپېدىتسىيە

ھېكايىلىرىنى ئوقۇغاندەك، فانتازىيەلىك ھېكايىلەرنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇپ، ھەم جىددىيلىشىسىلەر، ھەم ھاياجانلىنىسىلەر. ئىككىنچىدىن، بۇ كىتابتا پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىدىيەسى ئىنتايىن ئاددىي ۋە ئېنىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ساۋاقداشلار بىر ئوقۇسىلا پەيلاسوپلار ھەققىدە مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولۇپ، پەيلاسوپلارنى يېقىن كىشىلىرىدەك ھېس قىلىدۇ. كېيىن چوڭ بولۇپ، بۇ پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيەسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئۆگەنگەن ۋاقىتلىرىڭلاردا ئانچە ناتونۇش ھېس قىلمايسىلەر. ئۈچىنچىدىن، بۇ كىتاب چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك يېزىلغان بولۇپ، مەيلى باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدىكى ساۋاقداشلار بولسۇن ياكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ ئوقۇشىغا ماس كېلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئەتراپىڭلاردىكى مۇھىت ئوخشاش بولمىغاچقا، سىلەر بۇ كىتابتىن ئالىدىغان تەسىرات ۋە ھاسىلاتمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

كۆپ سۆزلەپ كەتتىم. ساۋاقداشلار، بەلكىم پەيلاسوپلارنىڭ كېلىپ ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىگە تەقەززا بولۇپ كەتكەنسىلەر. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ سۆزلىگىنى مېنىڭ سۆزلىگىنىمدىن ئېسىل بولىدۇ. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ئاشۇ ئۇلۇغ پەيلاسوپلار بىلەن ئالاقە قىلىڭلار. ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ھەرقانداق مەسىلە بولسا ياكى مەلۇم ھاسىلاتقا ئېرىشكەندە مەن بىلەن پىكىرلىشىشنى، ئورتاقلىشىشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار.

ئىلگىرىلىشىڭلارغا تىلەكداشمەن!



# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ............................................ 1

## I شەنلەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پەلسەپە سىنىپى

1. ئۆگىنىش كەيپىياتى ئۆزگەردى ............................ 5
2. بىرىنچى دەرس: «خۇشاللىق ئىزدەش» ........................ 12
3. ئەڭ شادىمان بالا ...................................... 16
4. پەلسەپە دەرسىنىڭ كۆڭۈللۈك باشلىنىشى ..................... 23

پەلسەپىۋى كېڭەيتمە ........................................ 29

## II ھېسسىي خۇشاللىق

1. مەن ياقتۇرىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ...................... 33
2. ئويۇن ـ سەۋەبى يوق ھەۋەس ................................ 36
3. پۇتبول ئازابنى يېنىكلىتىدۇ ................................ 43
4. ئازاب ۋە شادلىقتا تولغان ناخشا ئېيتىش ئۆيى ................ 47
5. لى زەيشىنىڭ ئارزۇسى داڭلىق ئاشپەز بولۇش ................... 51

پەلسەپەۋى كېڭەيتمە ........................................ 61



## Ⅲ ئەقلىي خۇشاللىق


1. كۆڭۈللۈك باغ ........................................ 65
2. ئاق گاز ياغلىقنىڭ سېھرىي كۈچى ........................ 69
3. مەنزىرە رەسىمدەك ئىبادەتخانا .......................... 75
4. تەبىئەت قوينىدىكى شاتلىق ............................ 82
پەلسەپىۋى كېڭەيتمە ....................................... 88


## Ⅳ پەلسەپە ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق


1. ئېپكۇرنىڭ ھاياتى ........................................ 93
2. باشقا ئېقىمدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ................ 98
3. چوڭ ئانام گۈل كەشتىلەنگەن كەشنى كىيىپ كەتتى ....... 102
پەلسەپىۋى كېڭەيتمە ....................................... 109


## Ⅴ تەمكىن ۋە تىنچ روھىي ھالەتتە ...


1. بىراق، يەنىلا خۇشال ـ خۇرام ياشىغۇم بار .................. 113
2. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس ................................ 122
3. پەلسەپە ئۆگىنىشتىكى شادلىق ............................ 127
پەلسەپىۋى كېڭەيتمە ....................................... 132
خاتىمە .................................................. 135

# مۇقەددىمە

— نېمە دېدىڭ ؟ دەرستىن سىرتقى پائالىيەتنىڭ ۋاقتى ئۆزگىرىپتۇ ؟ پەلسەپە دەرسى ئۆتىدىكەن ؟ پەلسەپە دەرسى شۇنچىلىك مۇھىممىكەن ؟ ياق، مەن قاتناشمايمەن !

«پۇتبول شاھى» ۋۇ مىنجياۋ سومكىسىنى بۇك دەرىخى ئاستىغا تاشلاپ، جاۋۇلداپ سۆزلەپ كۆڭلىدىكى نارازىلىقنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ سومكىسىدىن پۇتبول دوملاپ چىقتى، «ئويۇن ماھىرى» رېن دارېن سول پۇتىدا توپنى توسۇۋېلىپ، توپنى تەپكەچ:

— چېچىلما، بايا بىزمۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتۇق، — دېدى.

— مەكتىپىمىزگە يېڭىدىن ئىككى ئوقۇتقۇچى كەلدى، بۇنى سىزلەرمۇ بىلىسىلەر. ئۇلارنىڭ بىرى بىزنىڭ 6 - يىللىق 1 - سىنىپنىڭ سىنىپ مۇدىرى بوپتۇ، تېخى بىزگە پەلسەپە دەرسى بېرىدىكەن. قارىغاندا، پەلسەپە دەرسىنى ئۆگەنمەي بولمىغۇدەك. تۈنۈگۈن مۇئەللىم مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق كەنت يىغىن زالىدا ئاتا - ئانىلارغا يىغىن ئېچىپتۇ. ھازىرقى مەسىلە ئۇلار بۇ دەرسنى شەنبە كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. دېمەك، بىزگە ئوينايدىغان ۋاقىت يوق دېگەن گەپ.

«بۇلبۇل» جىن يىڭزى خۇددى رازۋېدكا ھېكايىلىرىدىكى رازۋېدكىچىنىڭ دېلو تەھلىل قىلغىنىغا ئوخشاش، پەلسەپە دەرسىنىڭ ئۆزلىرىگە ئېلىپ كېلىدىغان تەسىرى ۋە قولايسىزلىقى ئۈستىدە سۆزلىدى.

بۇ خەۋەرنى ئەڭ بالدۇر ئاڭلىغىنى يەنىلا ئۇزۇن قولاق رېن دارېن ئىدى. ئۇ ئاچچىقىدا قىزىرىپ كەتكەنىدى. بۇ ئۇچەيلەن پەلسەپە دەرسى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلىشىپ، دەرسكە كىرىشنىمۇ

ئۇنتۇپ كەتتى. ئۇلار توپنى كۆچەپ بۇك دەرىخىگە قارىتىپ تەپتى، مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى.

قاراڭلار، بۇ ئۈچ بالا سەل كەپسىزمۇ نېمە؟

جىڭجى رايونى بىلەن جياڭيۇەن رايونى ئوتتۇرىسىدىكى تاغ ئويمانلىقىدا شەنلەن دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر كەنت بار ئىدى، بۇ ئۈچ بالا مۇشۇ كەنتتە تۇراتتى. كەنتتە بىر باشلانغۇچ مەكتەپمۇ بار بولۇپ، مەكتەپ كەنت نامىغا ئوخشاش «شەنلەن باشلانغۇچ مەكتىپى» دەپ ئاتىلاتتى. مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى 100 گىمۇ يەتمەيتى.

بۇ مەكتەپ گەرچە چەترەك بولسىمۇ، لېكىن پەلسەپىنى مۇھاكىمە قىلىش شامىلى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەلگەنىدى. چوڭ شەھەرلەردە پەلسەپە دەرسى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانلىرىدا ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى تەكرار قىلىشىدا ئەڭ مۇھىم پەن بولۇپ قالغانىدى. كەنت كىچىك بولغاچقا، مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاز ئىدى، لېكىن تۇيۇقسىز يېڭىدىن ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭ مەكتەپ رەھبەرلىرى پەلسەپە دەرسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. مەكتەپتىكى ئۆزگىرىش كەنتتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. كەنتتىكىلەر ئىشنىڭ تېگى ـ تەكتىنى بىلىشكە، بولۇپمۇ پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى مىڭ لۇنشۇ مۇئەللىمنىڭ پەلسەپە دەرسىنى زادى قانداق ئۆتىدىغانلىقىغا بەكمۇ قىزىقىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر خىل ئىنتىزارلىق بار ئىدى. لېكىن، ۋۇ مىنجياۋ، رېندارېن، جىن يىڭزى ئۈچىنىڭ ھېسسىياتى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايتتى، ئۇلار بۇ دەرسكە پەقەتلا قىزىقمايتتى ھەم كۆڭۈل بۆلمەيتتى.

مەيلى ئۇلار خالىسۇن ـ خالىمىسۇن، شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، بۇك دەرىخى ئاستىغا يىغىلىپ پەلسەپە دەرسى ئاڭلايتتى، دەرسنىڭ ئىسمى «كۆڭۈللۈك پەلسەپە دەرسى» ئىدى.

ئەمدى بىز، بالىلارنىڭ بۇ دەرسنى قانداق ئۆگىنىدىغانلىقىغا قاراپ باقايلى!

I

# شەنلەن باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ پەلسەپە سىنىپى

1. ئۆگىنىش كەيپىياتى ئۆزگەردى
2. بىرىنچى دەرس: «خۇشاللىق ئىزدەش»
3. ئەڭ شادىمان بالا
4. پەلسەپە دەرسىنىڭ كۆڭۈللۈك باشلىنىشى





خۇشاللىقنىڭ ئەسلىدىلا ئەسكىسى يوق، بىراق بەزى خۇشال-
لىقلار ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ خاپىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

—— ئېپكۇر

بۇلاق كىتاب تورپىكى



## 1. ئۆگىنىش كەيپىياتى ئۆزگەردى

— يىغىن ئاچىدىكەن، يېڭى كەلگەن مۇئەللىمنى تونۇشتۇرىدىكەن، ھەممىڭلار مەيدانغا يىغىلىڭلار، دىجورنى ئوقۇغۇچىلارمۇ قاتنىشىدىكەنمىز !

بۇ ھەپتە جىن شۇن دىجورنى ئىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى زىل، ياڭراق بولۇپ، ناھايىتى يېقىملىق ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ توۋلىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ، سىنىپتىن مەيدانغا قاراپ ماڭدى. جىن شۇن باشقا قىزلارغا ئوخشىمايتتى، دائىم كەنتتىكى چېركاۋغا باراتتى. ئۇ مۇز چىرايدەك كۆرۈنگىنى بىلەن مېھرى ئىسسىق، باشقىلارغا سەمىمي، قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان قىز ئىدى. شۇڭا، ساۋاقداشلاردىن بىرەرسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىردەم پاراڭلاشسىلا كۆڭلى ئېچىلىپ، چىرايىدا تەبەسسۇم پەيدا بولاتتى. قىنى ئېيتىڭە، جىن شۇن سېھرىگەرگە ئوخشامدىكەن ؟ ئۇ ھەر قېتىم بۇلبۇلنىڭكىدەك يېقىملىق، سىلىق ئاۋازى بىلەن پىكىر بايان قىلغاندا، سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمۈپ، ھەممەيلەن پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلايتتى.

ئەتىگەن مەكتەپ بويىچە ئېچىلغان چوڭ يىغىندا يېڭى كەلگەن مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بىلەن پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى

ىنىڭ لۇنشۇ مۇئەللىم ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بىلەن كۆ-رۈشۈپ چىقتى.

— ساۋاقداشلار، يېقىندىن بۇيان پەلسەپە دەرسى پەنلەر ئىچىدىكى مۇھىم دەرس بولۇپ قالدى. سىلەرنىڭمۇ بۇ ئۆگى-نىش سېپىگە قوشۇلۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن. پەلسەپە دەر-سى تەپەككۇر ئىشىكىمىزنى ئېچىپ، تەشەببۇسكار ۋە پائال-يەتچان بولىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ، — دېدى مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى رەتلىك ۋە ناھايىتى سىستېمىلىق قىلدى،

گەرچە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپى ئۇزۇن ھەم چۈشىنىكسىز بولسىمۇ، لېكىن ئاۋازى ناھايىتى جاراڭلىق، تەققى ـ تۇرقى سالاپەتلىك بولغاچقا، مەيداندىكى ساۋاقداشلار جىمجىت تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى. بىراق، ۋۇمىنج-ياۋنىڭ بۇلار بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۇ بەدەنلىرى قىچىشىپ كېتىۋاتقاندەك، پات ـ پات يەرگە تېپىپ قوياتتى. ھەي، ئادەم-نى بىزار قىلىپ نېمانچە جىق گەپ بۇ، ھازىر چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئۇ تا-ماقنى بالدۇرراق يەپ بولۇپ دوستلىرى بىلەن پۇتبول ئوي-ناشنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇ ھەتتا دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنىمۇ پۇت-بول ئويناش بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە پۇتبول ئوي-ناشتىنمۇ كۆڭۈللۈك ئىش يوق ئىدى. شۇڭا مەكتەپ مۇدىرى-نىڭ ھەر كۈنى ئەتىگەندىكى تەلىم ـ تەربىيە بېرىش ۋاقتى ئۇنىڭغا تولىمۇ زېرىكىشلىك تۇيۇلاتتى.

— ... بولۇپمۇ، 6 ـ يىللىقنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى شەنبە كۈنىدىكى دەرستىن سىرتقى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ پەلسەپە دەرسىگە قاتنىشىشى كېرەك.

مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، ئوقۇغۇچىلار كۈسۈرلىشىپ غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى. چۈنكى، شەنبە ئوقۇغۇچىلار ئەركىن پائالىيەت قىلىدىغان كۈن ئىدى، ھەركىم ئۆز قىزىقىشى بويىچە خالىغان پائالىيەتكە قاتنىشاتتى. مەكتەپ شەنبە كۈنى پەلسەپە دەرسى ئۆتۈشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋاقتىنى ئىگىلىۋالغانىدى.

— ھەي، ئەمدى توپ ئوينىيالمايدىغان بولدۇم، — ۋۇ مىنجياۋ ئاچچىقتىن ۋارقىرىۋەتتى. ئۇ چاغدا مەيدان جىمجىت بولغاچقا، ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى ئۈنلۈك ئاڭلاندى، ئەتراپتىكى ساۋاقداشلارنىڭ دىققىتى ئۇنىڭغا مەركەزلەشتى.

— ... ئەلۋەتتە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرستىن سىرتقى ۋاقتىدا پەلسەپە دەرسى ئۆتىمىز دېسەك، بەزى ئوقۇغۇچىلار دەماللىققا بۇنى توغرا چۈشەنمەسلىكى، خالىماسلىقى مۇمكىن. لېكىن، پەلسەپە دەرسى چوڭقۇر پىكىر قىلىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە، شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردا كۆزقارىشلارنى دادىل بايان قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىشقا ناھايىتى پايدىلىق. مىڭ لۇنشۇ مۇئەللىم دەرسخانىدا ئوتتۇرغا قويغان مۇھاكىمە مەزمۇنلىرىنىڭمۇ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشۇڭلارغا كۆپ ياردىمى بولىدۇ، — مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ۋۇ مىنجياۋنىڭ غودۇرغىنىنى ئاڭلاپ قالغاندەك، مەيداندىكى ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەنچە بەردى. ۋۇ مىنجياۋ بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ئۈنچىقمىدى.

مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئوقۇغۇچىلار سىنىپلىرىغا كىرىپ كېتىشتى.

— ھەي، ۋۇ مىنجياۋ، بايا ھودۇقۇپ كەتكەنسەن ـ ھە؟

— دېدى جىن يىڭزى.

— شۇنداق، جازالىنىدىغان بولدۇم دەپ ئويلىغان ئىدىم، — دېدى ۋۇ مىنجياۋ.

— مەن ساڭا نېمە دېگەن؟ غودۇرىغانىنىڭ پايدىسى يوق دې-گەنتىمغۇ؟ — دېدى رې دارېن سۆز قىستۇرۇپ.

رېن دارېن بىلەن جىن يىڭزى نېمىلا دېسۇن، ۋۇ مىنجياۋ مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، پىسەنت قىلماي تۇرىۋەردى.

— بىلمىمەن، سىلەر مېنىڭ تەنقىدكە ئۇچراپ، ساۋاقداشلارنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسى-رەۋاتامسىلەر؟

جىن يىڭزى بىلەن رېن دارېن ۋۇ مىنجياۋنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋۇ مىنجياۋ رېن دارېن بىلەن يىنىڭ ئۆزىگە ياخشى بولسۇن دەۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بۇ ئۈ-چەيلەن ئادەتتە پەقەت زىددىيەتلىشىپ قالمايتتى.

6 - يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەلسەپە دەرسىدىن بېشى قېتىۋاتاتتى. ساۋاقداشلار تەرىپىدىن «غەلىتە ئۈچ كى-شىلىك گۇرۇھ» دەپ ئاتالغان جىن شۇن، پياۋجۇڭمىن، لى زىرەنلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس ئىدى، ئۇلارنىڭمۇ چىرايى تۈتۈلۈپ، كۆڭلى پاراكەندە ئىدى، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە تۇش-لۇق ئەندىشىسى بار ئىدى. شەنبە كۈنى جىن شۇن چېركاۋدى-كى پائالىيەتكە، پياۋ جۇڭمىن تاغىنىڭ كەينى تەرىپىدىكى ئى-بادەتخانىغا بارالماسلىقتىن، لى زىرەن بۇنىڭدىن كېيىن ئور-مانلىقتىكى كۆلگە بېرىپ ئوينىيالماسلىقتىن ئەنسىرەۋاتات-تى. «شادىمان ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكى ۋۇ مىنجياۋ، جىن يىڭزى، رېن دارېنلارمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش ھېسسى-



ياتتا ئىدى.

رېن دارېن شەنبە كۈنلىرى كومپيۇتېردا ئويۇن ئوينىيالماسلىقتىن، ۋۇ مىنجياۋ بولسا ئەڭ قىممەتلىك شەنبە كۈنى پۇتبول ئوينىيالماسلىقتىن، جىن يىگزى ئەمدى ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدىغان ۋاقتىنىڭ بولماسلىقىدىن ئەنسىرەيتتى. يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار پەلسەپە دەرسىنىڭ قىيىنلىقىدىن، پەلسەپە ئۆگىنىشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. لېكىن، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى ئەتىگەنكى سۆزىدە ناھايىتى قاتتىق تەلەپپۇزدا ھەممە ئوقۇغۇچىلارنىڭ تولۇق قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلدى، ئۇلار قاتناشمىسا ھەرگىز بولمايتتى.

— ھېچ چۈشەنمىدىم، بىز نېمە ئۈچۈن چوقۇم پەلسەپە دەرسىنى ئۆگىنىمىز ؟ — دېدى پياۋ جۈڭمىن.

پياۋ جۈڭمىن ھەپتە ئاخىرى بولسىلا ئىبادەتخانىغا باراتتى. ئۇ: «ئىبادەتخانىغا بارغاندىن باشلاپ كۆڭلۈم تىنچلىنىپ قالدى» دەيتتى. ئۇ ئەسلىدىلا پىكىر قىلىشقا ئانچە ماھىر ئەمەس ئىدى، قايسى دەرس بولسۇن، مۇھاكىمە قىلىشنىڭ گېپى چىقسىلا، ئۇنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ كېتەتتى.

— مەن باشقىلار بىلەن مۇنازىرىلىشىشنى ياقتۇرمايمەن، — دېدى پياۋ جۈڭمىن ئۆزىگە پىچىرلاپ.

— مەنمۇ شۇ، باشقىلار بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشنى خالىمايمەن...

پياۋ جۈڭمىننىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان لى زىرەنمۇ ئوخشاش ھېسسىياتتا ئىدى.

— مېنىڭچە، پىكىر بايان قىلىش گەپ تالىشىشقا ئوخ-

شىمايدۇ، بۇنىڭدا مەسىلە يوق، — دېدى لى زىرەننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جىن شۇن.

— مەيلى مۇھاكىمە بولسۇن ياكى تاكاللىشىش بولسۇن، بۇ دەرسنى بىر قېتىممۇ ئاڭلاپ باقمىدۇق. پەلسەپە دەرسى زادى قانداق دەرس، ئاڭلاپ باقساق زىيىنى يوق، — دېدى لى زەيشى.

لى زىرەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېغىرىغا تەگدى:

— لى زەيشى، سەن ھەممە نېمىگە قىزىقىپ باقىدىكەنسەن ـ ھە!

— شۇنداق، ھەممىگە قىزىقىمەن. سەنچۇ، ئاشۇ گۈللىرىڭ بىلەن ھايۋانلىرىڭدىن ئايرىلالمايسەن، ساڭا شۇلار بولسىلا بولدى.

لى زەيشى خاپا بولغاندەك قىلىپ لى زىرەنگە جاۋاب قايتۇردى. ئىككىيلەن يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى مىڭ لۇنشۇ مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى.



## 2. بىرىنچى دەرس: «خۇشاللىق ئىزدەش»

— ساۋاقداشلار، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىڭلارغۇ دەيمەن ؟ — دەپ سورىدى مىڭ لۇنشۇ مۇئەللىم.

— شۇنداق ! — جاۋاب بەردى ساۋاقداشلار جاراڭلىق ئاۋازدا.

ئەگەر مىڭ مۇئەللىم پەلسەپە دەرسى بەرمىگەن بولسا، ئوقۇغۇچىلار بۇ سىنىپ مۇدىرىنى ياقتۇرۇپ قالغان بولاتتى. چۈنكى ئۇ مەكتەپتىكى بىردىنبىر ياش ئەر سىنىپ مۇدىرى ئىدى. نۇرغۇن قىز ئوقۇغۇچىلار، بولۇپمۇ 6 ـ يىللىقتىكى قىز ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇشنى ئويلايتتى.

— مەكتەپ تەشكىلىدىن سىلەرگە پەلسەپە دەرسى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىشتىكى مەقسىتىم — سىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىشىش، خۇشال ـ خۇرام ئۆگىنىش. شۇڭا بۇ بىر نەچچە ئاي جەريانىدا بۇ دەرسنى ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال ـ خۇراملىق بىلەن ئۆگىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇئەللىمنىڭ سۆزى ئوقۇغۇچىلارغا بۇيرۇق قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابى بايىقىدەك جاراڭلىق ئەمەس

ئىدى، كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار گەپ قىلماي، بېشىنى لىڭشىتىش ئارقىلىق ئىپادە بىلدۈرۈشتى.

— ساۋاقداشلار، پەلسەپەنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسىلەرغۇ دەيمەن ؟ ھازىر سىلەرگە ئاددىي قىلىپ چۈشەندۈرۈپ قوياي.

مۇئەللىم سۆزلىگەچ دوسكىغا «پەلسەپەگە ئىزاھات» دېگەن خەتنى يازدى.

— ئىزاھات لوگىكىلىق بايان قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇنى ئاددىيلا قىلىپ، لوگىكىلىق چۈشەندۈرۈش دەپ چۈشەنسەڭلار بولىدۇ.

بىر نەچچە ئوقۇغۇچى مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم خاتىرە قالدۇردى.

— بىلىشىڭلار كېرەككى، پەلسەپە دەرسىدە تەييارلاپ قويۇلغان توغرا جاۋاب يوق، جاۋابنى ئۆزىمىز تاپىمىز. مەيلى زۇڭتوڭ بولسۇن ياكى سىلەر بولۇڭلار، دېيىلگەن گەپ لوگىكىغا ئۇيغۇن بولسىلا، قىلىنغان سۆزنى باشقىلار چۈشىنەلىسىلا، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى توغرا جاۋاب.

مۇئەللىم «لوگىكا» دېگەن سۆزنى ناھايىتى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى. «شادىمان ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» بىلەن «غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرمۇ مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتاتتى.

— مۇئەللىم، پەلسەپە ئەھمىيەتلىك دەرس بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بىز بۇ دەرسنى قانداق ئۆگىنىمىز ؟ — دەپ سورىدى سىنىپ باشلىقى لى زەيشى.

— بۇ مەسىلىنى شەنبە كۈنى دەرسخانىدا سۆزلەيمەن. بىراق، رەسمىي دەرس ئۆتۈلۈشتىن بۇرۇن، بىر سوئالغا جاۋاب

يېزىپ كېلىسىلەر.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى «مۇئەللىم بىزگە تاپشۇرۇق بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى، بەزى ئوقۇغۇچىلار غودۇراشقا باشلىدى.

— ساۋاقداشلار، بۇنى ھەرگىزمۇ تاپشۇرۇق دەپ ئويلاپ قالماڭلار، ھازىر سىلەرگە بىر ۋاراقتىن قەغەز تارقىتىپ بېرىمەن.

مۇئەللىم ئالدىن تەييارلاپ قويغان قەغەزنى ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەرگەندىن كېيىن، چۈشەندۇرۇپ: «قولۇڭلاردىكىسى بىر ۋاراق ئىش قەغىزى» دېدى.

مۇئەللىمنىڭ تارقىتىپ بەرگىنى 400 خەتلىك ماقالە قەغىزى ئىدى.

— ساۋاقداشلار، بۇ ماقالە قەغىزىگە سىلەرنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىشلارنى يېزىڭلار، يازغىنىڭلار چوقۇم تەبىئىي بولسۇن. خۇشال بولۇشۇڭلاردىكى سەۋەبنىمۇ يېزىڭلار، چۈنكى بۇ سەۋەب ھەممىدىن مۇھىم. ئېسىڭلاردا بولسۇن، چوقۇم سىلەرنى ئەڭ خۇشال قىلغان ئىشنى ھەم ئۇنىڭ سەۋەبىنى يازىسىلەر، — مۇئەللىم يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى.

ئوقوغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ تەلىپىنى دەپتەرلىرىگە خاتىرىلىۋالدى.

— مۇئەللىم، بۇنى قاچان تاپشۇرىمىز ؟ — دەپ سورىدى جىن يىڭزى.

— شەنبە كۈنى رەسمىي دەرس باشلايمىز، جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىنگىچە ۋاقىت بېرەي. لېكىن، ئۇنىڭدىن بالدۇر يېزىپ بولساڭلار تاپشۇرۇپ بەرسەڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ.

ئىشخانامدىكى شىرەنىڭ ئۈستىدە سېرىق رەڭلىك ماتېرىيال خالتىسى بار، يېزىپ بولغانلار شۇ خالتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويساڭلار بولىدۇ.

مۇئەللىم يەنە: «قەغەز نگلارنى خالتىغا سالغۇچە باشقىلارنىڭ يازغىنىنى كۆرۈۋالماڭلار. يازغىنىڭلارنى شەنبە كۈندىكى دەرس ۋاقتىدا سىلەرگە ئوقۇپ بېرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى رۇخسەتسىز كۆرۈش توغرا ئەمەس، شۇنداقمۇ؟» دەپ قوشۇپ قويدى.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىللە تازىلىق قىلدى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولى يەتمىگەن جايلارنى ئۆزى تازىلىدى. باشقا ئوقۇتقۇچىلار ئۇنداق قىلمايتتى، ئوقۇغۇچىلار بىرىنچى كۈنىلا بۇ مۇئەللىمنى ياقتۇرۇپ قالدى.

## 3. ئەڭ شادىمان بالا

ئەتىسى لى زەيشى قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچى يازغانلىرىنى تاپشۇردى. لېكىن، ئۇلار مۇئەللىمنىڭ ئۇ قەغەزلەرنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، چۈنكى ماتېرىيال خالتىسى شۇ پېتى تۇراتتى.

ئۇلار «مۇئەللىم ئۇنى بىز مەكتەپتىن يانغاندا ئاندىن كۆرىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن ئەتىسى ئۇ ماتېرىيال خالتىسىنىڭ يەنىلا ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. پەيشەنبە كۈنى «غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرمۇ يازغانلىرىنى تاپشۇردى، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئاساسەن تاپشۇرۇپ بولدى، لېكىن مۇئەللىم ئۇنى يەنىلا كۆرمىدى.

— سەن قاچان تاپشۇرىسەن؟ — سورىدى رېن دارېن جىن يىگزىدىن.

— مەن تېخىچە نېمە يېزىشىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن، جۈمە كۈنى بىر گەپ بولار.

— سەنچۇ؟ يېزىپ بولدۇڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جىن يىگزى رېن دارېندىن.

— مەن ئويۇن توغرىلىق يازايمىكىن دەيمەن، مەندە شۇنىڭدىن باشقا يازغۇدەك بىر نەرسە يوق، — دېدى رېن دارېن.

— توغرا، ئۇنداقتا، مەن ناخشا ئېيتىش توغرىلىق يازاي. ۋۇ مىنجياۋ، سەن پۇتبول ھەققىدە يازغىن، — دېدى جىن يىڭزى ۋۇ مىنجياۋغا قاراپ.

ۋۇ مىنجياۋ بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىغانىدى.

— ئەلۋەتتە، مەنمۇ پۇتبول توغرىلىق يېزىشنى ئويلىغان. ۋۇ مىنجياۋ يازماقچى بولۇپ قولىغا قەلەم ئالدى، لېكىن قانداق باشلاشنى بىلەلمىدى.

— ماقالە قەغەزگە قايسى شەكىلدە يازسام بولار؟

رېن دارېن بىلەن جىن يىڭزى دەپ بەرمەكچى بولۇپ، ۋۇ مىنجياۋنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ھەي، قارىساڭلار بولمايدۇ، مۇئەللىم دېدىغۇ، بۇ قائىدىگە خىلاپ، — ۋۇ مىنجياۋ دەرھال قولى بىلەن قەغەزنى توسۇۋالدى.

— بايا ئۆزۈڭ بىزدىن قانداق يېزىشنى سورىدۇڭغۇ، قارىمىساق يېزىش ئۇسۇلۇڭنىڭ توغرا بولغان بولمىغانلىقىنى قانداق بىلگىلى بولىدۇ؟

بۇ ئۇچىنىڭ ئىچىدە رېن دارېننىڭ ئۆگىنىشى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇ ۋۇ مىنجياۋغا:

— قۇرنىڭ بېشىدىن ئىككى خەتلىك ئورۇن تاشلاپ يازىسەن، بىر جۈملە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چېكىت قويىسەن. شۇنىمۇ ئۇنتۇپ قالدىڭما؟ — دېدى.

— ھە راست، ئىككى خەتلىك ئورۇن تاشلاپ يازىدىغىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالغىنىم نېمىسى؟

جىن يىڭزى ۋۇ مىنجياۋنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ دەرھال


10×20
10×20

ئېسىنى يىغىپ:

— شۇ ئەمەسمۇ، مەنمۇ خاتا يېزىپ قويغىلى تاس قاپتىمەن، — دېدى.

— بىز ھازىر يېزىشقا ئالدىرىمايلى، ئاۋۋال سىنىپنى تازىلاپ بولۇپ ئاندىن بىللە يازايلى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنىڭغا قوشۇلدى.

مەكتەپنىڭ كەينى تەرىپىدە ئاسمان ـ پەلەك بىر تۈپ قەدىمىي بۈك دەرىخى بار ئىدى. كەنتتىكىلەر ئۇنى موماي دەرەخ دېيىشەتتى. بۇنداق ئاتاشتىكى سەۋەب ئۇنىڭ قەدىمىي بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە كەنتتىكىلەرگە راھەت ۋە خاتىرجەملىك بەخش ئەتكەنلىكىدە ئىدى. يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىق كۈنلىرىدە بۇ دەرەخ كىشىلەرگە سايىۋەن بولاتتى، ئۇنىڭ سايىسىدە بىر دەم تۇرغانلار ئۆزىنى شۇنداق سالقىن ھېس قىلاتتى. زىمىستان قىش كۈنلىرى بۇ دەرەخ يەنە كىشىلەر بوران ـ چاپقۇندىن پاناھلىنىدىغان جايغا ئايلىناتتى، ئۇنىڭ ئاستىدا تۇرغانلار شىۋىرغاندىمۇ پەقەت توڭمايتتى، دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن كۈن نۇرى ئادەمگە راھەت ۋە ئىللىقلىق بېغىشلايتتى.

«شادىمان ئۈچ كىشىنىڭ گۇرۇھى» تىكلەر سىنىپنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، موماي دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلىدى. ئەتىسى يەنى جۈمە كۈنى ئۇلار يازغانلىرىنى مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسىدىكى ماتېرىيال خالتىسىغا سېلىپ قويۇشتى. شەنبە كۈنىدىكى دەرسلەر تۈگىگەندىن كېيىن، مۇئەللىم ھېلىقى خالتىنى ئېلىپ چىقىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا بىردىن ـ بىردىن ساناشقا

باشلىدى.

— ... ئۇن سەككىز، ئۇن توققۇز، يىگىرمە، يىگىرمە بىر...... سىنىپىمىزدا يىگىرمە ئىككى ئوقۇغۇچى بار، يەنە بىرسى كەمغۇ، قايسىڭلار تاپشۇرمىدىڭلار؟ — سورىدى مىڭ مۇئەللىم كۆپچىلىكتىن.

— مۇئەللىم، مەن تاپشۇرمىغان، — سىنىپنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئولتۇرغان جىن جېن قولىنى كۆتۈردى. ئۇ جىن شۇننىڭ قوشكېزەك سىڭلىسى ئىدى، كىچىك ۋاقتىدىلا پالەچ بولۇپ قالغاچقا، مەكتەپكە چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كېلەتتى.

مىڭ مۇئەللىم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن كەتمەي تۇرۇشنى ئېيتتى. مۇئەللىم شۇنداق يېقىملىق سۆزلىدى، ئۇنى ئەيىبلەيدىغاندەك قىلمايتتى. جىن جېن قېپقالدى، جىن شۇنمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ جىن جېننىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ، چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرەتتى. جىن شۇن ھەر كۈنى چاقلىق ئورۇندۇقنى ئىتتىرىپ، جىن جېننى مەكتەپكە ئاپىراتتى، مەكتەپتىن قايتاشىدا يەنە ئۆيگە ئېلىپ كېتەتتى. جىن جېنگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىن شۇن ئۇنىڭ ئاچىسى بولۇپلا قالماي، دوستى ھەم ھامىيسى ئىدى.

جىن جېن ئورۇندۇقنىڭ چاقىنى ئۆزى ئايلاندۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ ئىشخانىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. جىن شۇن ئۇنىڭ كۈچەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا ياردەملەشتى. سىڭلىسى مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋاتقاندا، جىن شۇن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا تۇردى.

— ساۋاقداش جىن جېن، بۇ سوئال بەك قىيىنمىكەن؟
— قىيىن ئەمەسكەن، — جىن جېن كەسكىن جاۋاب بەردى.
— ئەمىسە نېمىشقا بۇگۇنگىچە تاپشۇرمايسىز؟ — مۇئەللىم كۆزئەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويغاچ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.
— چۈنكى مېنى خۇشال قىلغان ئىشلار بەك كۆپ، بىر ۋاراق قەغەزگە پاتمايدۇ.
جىن جېننىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، بىر چەتتە قاراپ تۇرغان جىن شۇن سۆز قىستۇرۇپ:
— مۇئەللىم، ئۇ ماڭا ئۆزى رەھمەت ئېيتماقچى بولغان ئادەملەرنىڭ بەك كۆپلىكىنى، ئۆزىنى خۇشال قىلغان ئىشلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى دېگەنىدى، — دېدى.
مۇئەللىمنىڭ چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى.
— ھە، ئەسلىدە مۇنداقكەندە! مەن تېخى ئۇنى يازغۇدەك بىرەر خۇشاللىقى يوق ئوخشايدۇ دەپ ئەنسىرەپ كېتىپتىمەن.
— ئۇنداق ئەمەس مۇئەللىم. مېنى خۇشال قىلغان ئىشلار بەك كۆپ بولغاچقا، بىر ۋاراق قەغەزگە پاتمايدىكەن، شۇڭا ئادەتتە مەشىق ئورنىدا ئىشلىتىدىغان قەغەزگىلا يازدىم. بۇنى سىزگە ھازىر بەرسەممۇ بولامدۇ؟ — جىن جېن مۇئەللىمنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.
— ئەلۋەتتە بولىدۇ! — دېدى مۇئەللىم خۇشاللىق بىلەن.
جىن جېن سومكىسىدىن بىر تۇتام قەغەزنى ئېلىپ، قوش قوللاپ مۇئەللىمگە سۇندى. ئۇ ھەقىقەتەن بەك جىق يازغان

ئىدى. مۇئەللىم ئۇنى بىر ۋاراق بىر ۋاراقتىن كۆرۈپ چىقتى. ئۇ خەتنى شۇنداق چىرايلىق يازغان بولۇپ، خەتتە دوستلىرىنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزى ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى ناھايىتى تەپسىلىي بايان قىلغانىدى. ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان كۆيۈنۈشى ۋە ياردىمىمۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن خۇشاللىق ئىش ھېسابلىناتتى. ھەتتا يالغۇز ئولتۇرۇپ ھويلىسىدىكى چىرايلىق ئېچىلغان گۈللەردىن ھوزۇرلىنىشىمۇ، جىمجىت ئولتۇرۇپ يامغۇرنىڭ شىلدىرلاپ چۈشكەن ئاۋازىنى ئاڭلاشىمۇ بۇ مېيىپ قىز ئۈچۈن خۇشاللىق ئىش سانىلاتتى. ئۇ يەنە مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقنىڭ قىيىنلىقىنى، لېكىن بۇ قىيىن سوئالغا جاۋاب يېزىشىنىمۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ھېس قىلغانلىقىنى يازغانىدى. جىن جېن يازغان ھەر بىر خۇشاللىق مۇئەللىمگە بەك تەسىر قىلدى.



## 4. پەلسەپە دەرسىنىڭ كۆڭۈللۈك باشلىنىشى

جىن جېن تاپشۇرۇقنى ھەممىنىڭ كەينىدە تاپشۇردى، شۇ-نىڭ بىلەن 6 - يىللىق 1 - سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپ-شۇرۇقى تولۇق تاپشۇرۇلدى. بۈگۈن شەنبە، ئوقۇغۇچىلار بى-رىنچى، ئىككىنچى سائەتتە چوڭ تازىلىق قىلاتتى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى سائەتتە پەلسەپە دەرسى ئۆتۈلەتتى. بالىلارنىڭ قانداق ئويلىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ كۈن يەنە كەلدى.

گەرچە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بۇ دەرسكە ھەممە ئوقۇغۇچىنىڭ تولۇق قاتنىشىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مىڭ مۇئەللىم: «بۇ دەرسكە قاتنىشىشنى خالىمايدىغانلار، ئۆزۈڭلار خالىغان پائالى-يەتكە قاتناشساڭلار بولىدۇ» دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى سا-ئەت توشۇشى بىلەنلا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى كۇتۇپخانىغا، بەزد-لىرى مەيدانغا چىقىپ كەتتى. «شادىمان ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تى-كىلەر بىلەن «غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر، يەنە سىنىپ باشلىقى لى زەيشى، جىن جېن قاتارلىق بىر نەچچە ئوقۇغۇچىلار مو-ماي دەرەخ ئاستىغا پەلسەپە دەرسى ئاڭلىغىلى كەلدى.

مىڭ مۇئەللىم بۈك دەرەخ ئاستىدا ئۇن مىنۇتچە ساقلاپ، باشقا ئوقۇغۇچىلار كەلمىگەندىن كېيىن، ئولتۇرۇپ:

— ئويلىغىنىمدىنمۇ ئاز ئوقۇغۇچى كەپتۇ. مەن تېخى، تاپشۇرۇق بەرگەندىن كېيىن ھېچ بولمىغاندا بىرىنچى كۈنى ھەممەيلەن تولۇق قاتنىشىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن. ھەي -

ھەي، كۆرمەمدىغان بۇ ئىشنى، — دېدى.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازلىقىنى كۆڭلىگە ئالمىغان-دەك، ئاشۇنداق چاقچاق قىلدى.

مىڭ مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆرۈپ، بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدا بىر نەچچە جۈملە يې-زىپ قويۇپلا تاپشۇرغانلىقىنى بىلگەن بولغاچقا، پەلسەپە دەر-سىگە ھەقىقىي قىزىقىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتنىشىشىنى، قىزىقمايدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنى مەجبۇرلىماسلىقىنى تەلەپ قىلغانىدى. نەتىجىدە، سەككىز ئوقۇغۇچىلا كەلدى.

— ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى كەلمەپتۇ، كۆپرەك ئو-قۇغۇچىنىڭ كېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، — دېدى مۇئەللىم.

مۇئەللىم سەككىز ئوقۇغۇچىنىڭ كەلگىنىگىمۇ رازى بولدى. كەل-گەنلەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئازلىقىدىن مۇئەللىمنىڭ روھى چۈشۈپ كەت-مىدى، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆزىنى ئەركىن- ئازادە ھېس قىلىشتى.

— مۇئەللىم، ئادەم بەك كۆپ بولۇپ كەتسىمۇ ياخشى بول-مايدۇ، بىزنىڭ ئاز - كۆپلۈكىمىز تازا مۇۋاپىق بوپتۇ!

— شۇنداق مۇئەللىم!

— شۇ ئەمەسمۇ!

جىن شۇنىنىڭ گېپىگە لى زەيشى بىلەن لى زىرەنمۇ ئاۋاز قوشتى.

«شادىمان ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرلا يا ئۇنداق يا بۇنداق دېمىدى. ئۇلار پەقەت بىر دەملىك قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەنلا بۇ دەرسكە قاتناشقانىدى، شۇڭا مىڭ مۇئەللىمنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسنى قانداق ئۆتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇشتى.

— بولدى، دەرسىمىزنى باشلايلى.

مۇئەللىم ماتېرىيال خالتىسىدىكى تاپشۇرۇقلارنى ئېلىپ،

قايتىدىن ئوقۇغۇچىلارغا تارقىتىپ بەردى.

— تاپشۇرۇقۇڭلارنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقتىم، قېنى ئېيتىڭلارچۇ، مەن سىلەرگە قانداق تاپشۇرۇق بەرگەن ؟

— خۇشاللىق ئىشلارنى يېزىپ كېلىشنى، — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچىلار.

— رېن دارېن، ۋۇ مىنجياۋ، جىن يىڭزى، جىن شۇن، پياۋ جوڭمىن، لى زىرەن، جىن جېن، لى زەيشى قاتارلىق سەككىز ئوقۇغۇچىنىڭ جاۋابى ئىككى خىل مەزمۇندا يېزىلىپتۇ. لى زەيشى، ۋۇ مىنجياۋ، رې دارېن، جىن يىڭزى قاتارلىق ئوقۇغۇچىلارنىڭ يازغانلىرىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھەرىكەت جەريانىدا ئىپادىلەنگەن ھەرىكەت ھالىتىدىكى خۇشاللىققا يەنى ھېسسىي خۇشاللىققا ئىنتىلىدىكەن.

ئوقۇغۇچىلار جىمجىت ئولتۇرۇپ مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاچ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى، ئاندىن مۇئەللىمنىڭ «ھېسسىي خۇشاللىق» دېگەن گېپىنى خاتىرىلىۋالدى. بۇ گەپنى ئۇلار بۇرۇن ئاڭلاپ باقمىغاچقا، سەل گاڭگىراپ قالغاندەك قىلاتتى. مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەيپىياتىنى چۈشىنىپ، دەرس سۆزلەش سۈرئىتىنى خېلىلا ئاستىلاتتى.

— «ھېسسىي» دېگىنىمىز، ئۆزى بىۋاستە ھېس قىلغان ۋە قىلىپ باققان يەنى كۆرگەن، ئاڭلىغان، پۇرىغان، تېتىغان ياكى تۇتۇپ باققان دېگەننى بىلدۈرىدۇ. كۆرگىنىمىزنى كۆرۈش سېزىمى، ئاڭلىغىنىمىزنى ئاڭلاش سېزىمى، پۇرىغىنىمىزنى پۇراش سېزىمى، تېتىپ باققىنىمىزنى تېتىش سېزىمى، تۇتۇپ باققىنىمىزنى تېگىشىش سېزىمى دەيمىز. بۇلارنى بىز ئۆگىنىپ بولغان، توغرىمۇ ؟

ئوقۇغۇچىلار دەرھال جاۋاپ بەرمىدى، ئەمما بوش ئاۋازدا غۇلغۇلا قىلىشتى، تۇرقىدىن بۇ مەزمۇنلارنى ئۆگىنىپ بولغاندەك قىلاتتى.

— ھېسسىي خۇشاللىقتىن باشقا، روھىي خۇشاللىقمۇ بار. روھىي خۇشاللىقنى قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى ئېپكۇر «ئەقلىي خۇشاللىق» دەپ ئاتىغان. جىن شۇن بىلەن جىن جېنىنىڭ پىياۋ جۇڭمىن بىلەن لى زىرەنىنىڭ خۇشاللىق ھەققىدە يازغانلىرى دەل مۇشۇ خىلدىكىگە تەۋە. ئۇلار ھېس قىلغان خۇشاللىق سېزىم ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى روھىي خاتىرجەملىكتىن كەلگەن. تىنچ كەيپىياتتىن روھىي خۇشاللىققا ئېرىشكەن.

مۇئەللىم گېپىنى تۈگىتىپ، ئالدىن تەييارلاپ قويغان كونسپېكتنى كۆپچىلىككە تارقىتىپ بەردى. ئۇنىڭدا بايا مۇئەللىم دېگەن «ھېسسىي خۇشاللىق»، «ئەقلىي خۇشاللىق»، «ئېپكۇر» دېگەندەك، ئوقۇغۇچىلار ئەزەلدىن ئۆگىنىپ باقمىغان سۆزلەر يېزىقلىق تۇراتتى. كونسپېكتنى ئالغاندىن كېيىن ھەممەيلەن: «مۇئەللىمنىڭ بۇنى تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى بىلگەن بولساق، بايا خاتىرلەپ يۈرمەسكەنمىز» دەپ پۇشايمان قىلىشتى.

— مۇئەللىم، ئېپكۇر دېگەن كىم؟ — ھەر قانداق شەيئىگە قىزىقىدىغان لى زەيشى قول كۆتۈرۈپ مۇئەللىمدىن سورىدى.

— ئېپكۇر قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى. بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆگىنىشلىرىمىزدە كەم بولسا بولمايدىغان شەخس، ئۇنى دائىم تىلغا ئېلىپ تۇرىمىز، — دېدى مۇئەللىم.

مۇئەللىم يەنە ئوقۇغۇچىلارغا پەلسەپە دەرسىنىڭ ئۆتۈلۈش پىلانىنى سۆزلىدى، بۇ دەرسكە قاتناشمىغان ساۋاقداشلارنىڭ خۇشاللىق ھەققىدە يازغان تاپشۇرۇقىنى بىزگە ئوقۇپ بەردى.

ھەش - پەش دېگۈچە ئۇچىنچى سائەتلىك دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. ئوقۇغۇچىلار قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى، لېكىن، مۇئەللىم ئۇلارنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى.

جىن شۇن، لى زىرەن ۋە مۇئەللىم ھاجەتخانىغا كەتتى. لېكىن جىن جېن چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بېرىشنى ئەپسىز كۆرگەن بولسا كېرەك، ھاجەتخانىغا بارمىدى. پياۋ جۇڭمىن بىلەن لى زەيشى دەرەخ ئاستىدىكى چىملىقتا ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. «شادىمان ئۈچ كىشىلىك گورۇھ» تىكىلەر يەنە پۇتبول ئويناشنى باشلىۋەتتى.

— ھەي، پياۋ جۇڭمىن، لى زەيشى، بىللە ئويناي-لىمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋۇ مىنجياۋ.

— ئوينىغۇم يوق، قوسۇغۇم ئېچىپ كەتتى، — دەپ جاۋاب بەردى لى زەيشى.

— مەنمۇ ئوينىمايمەن، بۇ يەردە يېتىش بەك راھەت-كەن، — دېدى پياۋ جوڭمىن.

«شادىمان ئۈچ كىشىلىك گورۇھ» تىكىلەر «لى زەيشى بى-لەن پياۋ جۇڭمىن بەك بوشاڭكەن. ئازراق قورسىقى ئېچىپ كەتكەنگە ئوينىغۇسى كەلمەيدىغان ئىش بولامدۇ، ئەپسۇس، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلىۋەتتى! دەپ ئويلىدى.

ۋۇ مىنجياۋ توپنى كۈچەپ بىر تېپىۋىدى، توپ بۇك دەرە-خىكە تەگدى، ئاندىن قاڭقىپ دۆڭدىن پەسكە دومىلىدى.

— چاتاق بولدى، ئەمدى قانداق قىلارمەن ؟

دەل شۇ چاغدا مۇئەللىم دۆڭدىن چىقىپ كەلدى، توپ ئۇنىڭ يې-نىغا چۇشكەندى. ئۇ چاققانلىق بىلەن توپنى پۇتىغا ئېلىپ، ئاۋۋال پۇتىنىڭ ئۇچىدا توپنى ئۆرلەتتى، ئاندىن توپنى تىزلاپ مۈرىسىگە چىقاردى، كېيىن بېشىغا ئالدى، ئاخىرىدا توپنى ئۇسسۇپ ئاسمانغا قاڭقىتىپ، پەسلەپ چۇشكەندە، بىر تېپىپلا ۋۇ مىنجياۋغا يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى شۇنداق چەبدەس، باغلىنىشلىق ئىدى. كۆز-لىرى ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتكەن باللار ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي

ماختاپ كەتتى. مۇئەللىمنىڭ توپ ماھارىتى ھەقىقەتەن كەسپىي تەن-ھەرىكەتچىلەردىن قېلىشمايتتى، بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى تېلېۋىزوردىلا كۆرگىلى بولاتتى.

— ۋۇ مىنجياۋ، ئاڭلىسام توپ ئويناشقا ئۇستىكەنسەن، پۇرسەت تېپىپ سەن بىلەن سىنىشىپ باققۇم بار. قانداق، ئىشەنچىڭ بارمۇ ؟ — دېدى مۇئەللىم.

— بەك ياخشى بولدى! — دەپ جاۋاب بەردى ۋۇمىنجياۋ.

— كېلەر شەنبە كۈنى مۇزاكىرە ۋاقتىدا ساۋاقداشلىرىڭغا پۇتبول ئويناشتىن ئېرىشكەن خۇشاللىقىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، بولامدۇ؟

— بولمايدۇ، بولمايدۇ. مۇئەللىم، مەن ئەزەلدىن ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىدا پىكىر بايان قىلىپ باقمىغان، — دېدى ۋۇ مىنجياۋ بېشىنى چايقاپ.

ۋۇ مىنجياۋ جىددىيلەشكىنىدىن قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. مۇئەللىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن يېنىدىكى رېن دارېنغا قاراپ:

— سەنچۇ رېن دارېن؟ بولمىسا كېلەر قېتىم ئاۋۋال سەن سۆزلەپ باقامسەن ؟ — دېدى.

رېن دارېن ۋۇ مىنجياۋغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ شەيتانلىق قىلىپ قويۇپ، ئاندىن:

— ماقۇل، مۇئەللىم، چۈشەندىم — دەپ جاۋاب بەردى.

ۋۇ مىنجياۋ شۇندىلا ئۇھ، دېدى.

— رېن دارېن، سەن قارماققا ئىلمىدىڭ، بىراق ئەنسىرىمە، بىز ساڭا ياردەم قىلىمىز، — دېدى جىن يىڭزى رېن دارېنىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى.

ۋۇ مىنجياۋ رېن دارېنىنى مۈرىسىدىن بىر قوللاپ قۇچاقلىدى، خۇددى رېن دارىنغا رەھمەت ئېيتىۋاتقاندەك، مەدەت بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.




## ئېپكۇرنىڭ ھاياتى ۋە پەلسەپە

ئېپكۇرنى پەلسەپە نەزەرىيەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان پەيلاسوپ دېگەندىن كۆرە، كىشىلىك ھاياتتىكى توغرا پوزىتسىيە ۋە كۆڭۈللۈك ياشاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگەن مەرىپەتچى پەيلاسوپ دېگىنىمىز تۈزۈك. ئۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشتىكى خاتا كۆز قارىشىنى تەنقىد قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ خاتا قاراشتىن قۇتۇلۇپ، خۇشال - خۇرام، بەختلىك ياشىشىغا ياردەم بەرگەن.

ئېپكۇر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 341 - يىلى يۇناننىڭ ساموس ئارىلىدا تۇغۇلغان. 18 يېشىدا ئافىناغا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ چاغدا ئالېكساندىر ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئافىنا قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالغانىدى. ئېپكۇر ئۇ يەردە نەچچە يىل ئوقۇغان، گەرچە ئۆزى قايىل بولغۇدەك ئۇستاز تاپالمىغان بول-

سىمۇ، لېكىن گۇمانچىلىق پەيلاسوپى بىئونىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان.

ئېپكۇر 31 ياشقا كىرگەن يىلى ئۆز قابىلىيىتىگە تايىنىپ مەكتەپ ئاچقان ۋە بىر تۈركۈم شاگىرتلارنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارغا پەلسەپەدىن تەلىم بەرگەن. كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى بارغانسېرى كۆپەيگەن. ئۇ شۇ مەزگىلدىكى بىلىم ماكانى ئافېنادىن قورۇ سېتىۋېلىپ، بۇ قورۇنى «ئېپكۇر قورۇسى» دەپ ئاتىغان، مەسلەكداشلىرىنى بۇ يەرگە جەم قىلىپ، كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 271 - يىلى ئۆلۈپ كەتكۈچە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ، شاگىرتلىرى بىلەن بىللە تۇرغان، بىللە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

ئۇلارنىڭ تەشكىلاتى ئۇستاز بىلەن شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى ھۆرمەت ۋە دوستلۇق بىلەن يۇغۇرۇلغان. ئېپكۇر شاگىرتلىرىنى خۇراپاتلىق ۋە قورقۇنچتىن خالاس قىلىپ، روھىي جەھەتتە ئازاد قىلغان. شاگىرتلىرىمۇ ئۇنىڭ تەلىمىگە ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە خۇشال - خۇرام، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئېپكۇر قۇرغان بۇ تەشكىلاتنى ئېچىۋېتىلگەن تەشكىلات دېيىشكە بولاتتى. ئېپكۇر ياردەم سوراپ كەلگەنلەرگە ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلاتتى، ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ھەر ۋاقىت تەييار تۇراتتى. شۇڭا، ئەينى چاغدا جەمئىيەتتىكى ئورنى تۆۋەن قۇللار ۋە كوچىدىكى سەرگەردانلارمۇ ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ كەلگەنىدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئېپكۇرنىڭ تەشكىلاتى ئۆزىنى ئۆزى قامدايدىغان تەشكىلات بولۇپ، تەشكىلاتتىكىلەر ناھايىتى بەختلىك ياشايدىكەن، شۇڭا ئېپكۇرنى تەنقىدلەش پوزىتسىيەسىدە بولغانلارمۇ ئېپكۇرنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلغانىكەن.

II

# ھېسسىي خۇشاللىق

1. مەن ياقتۇرىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر
2. ئويۇن - سەۋەبى يوق ھەۋەس
3. پۇتبول ئازابنى يېنىكلىتىدۇ
4. ئازاب ۋە شادلىققا تولغان ناخشا ئېيتىش ئۆيى
5. لى زەيشىنىڭ ئارزۇسى داڭلىق ئاشپەز بولۇش





ئەقىل ـ  پاراسەت ئاتا قىلغان بەخت ئىچىدە دوستلۇققا ئېرىـ
شىش ئەڭ مۇھىمدۇر.

ـــ ئېپكۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى



# 1. مەن ياقتۇرىدىغان پەلسەپىۋى مەسىلىلەر

دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتى تۈگەپ، مىڭ مۇئەللىم يەنە دەرسنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ دەرەخ ئاستىدىكى يۇملاق شىرەگە قويۇلغان كىچىك بىر دوسكىغا «مەن ئۆگىنىدىغان پەلسەپىۋى بايانلار» دېگەن خەتنى يازدى، ئاندىن كۆپچىلىكتىن مۇشۇ تېمىنى چۆرىدەپ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ سۆزلەشنى تەلەپ قىلدى.

كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى: «مۇئەللىم، بىز تېخى پەلسەپەنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمىسەك، قانداق پىكىر بايان قىلىمىز؟» دېيىشتى.

ۋۇ مىنجياۋغا مۇئەللىم يوللۇق ئىش قىلمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى. باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ بىر ـ بىرىگە قاراپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى.

— مۇئەللىم، بىز تېخى پەلسەپەنىڭ نېمىلىكىنى چۈشەنمەيمىز، شۇڭا سۆزلەشكە ئامالسىز قالدۇق، نېمە دېيىشنى بىلەلمىدۇق، — يەنىلا سىنىپ باشلىقى لى زەيشى راست گەپ قىلىپ مۇئەللىمگە پىكىر بەردى.

— توغرا ئېيتتىڭلار، مەنمۇ مۇشۇ مەسىلىنى ئويلاپ قالدىم. سىلەر بۇ دەرسنى چۈشىنىكسىز، ئۆگىنىش بەك قىيىن دەپ ئويلامسىلەر؟

— شۇنداق ! — دەپ جاۋاب بەردى ئوقۇغۇچىلار بىردەك ئاۋازدا.

— مەيلى بىز نېمە ئۆگىنەيلى، ئۆزىمىزنى ئەركىن ـ ئازادە، خۇشال تۇتايلى، بۇ ھەممىدىن مۇھىم. سىلەر ئۇنى مەيلى دەرس دەپ قاراڭلار ياكى دەرستىن سىرتقى پائالىيەت دەپ قاراڭلار، ئالدى بىلەن كەيپىياتىڭلار چوقۇم چاغ بولسۇن. مانا بۇ خۇشاللىق. سىلەرنىڭمۇ بۇ دەرسكە مۇشۇنداق مۇئامىلە قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن — دېدى مۇئەللىم سەممىيلىك بىلەن.

— ھازىر ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىزغا تېگىشلىكى، مەن ئىشنى كۆڭۈللۈك ئىش دەپ قارايمەن، بۇ ئىش نېمە ئۈچۈن كۆڭۈللۈك دېگەن مەسىلە. شۇڭا مەن سىلەرگە تۇنجى بولۇپ، ئۆزۈڭلار ئەڭ خۇشال قىلغان ئىشنى يېزىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەرگەن.

ساۋاقداشلار مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— مۇئەللىم، مۇلاھىزىلىك پىكىر بايان قىلىش ئۈچۈن كىتاب ئوقۇمامدۇق؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ ئولتۇرغان پياۋ جوڭمىن.

— گېپىڭ ئورۇنلۇق. لېكىن، كىتابتىكى بەزى مەزمۇنلار مۇلاھىزىلىك پىكىر بايان قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپلا، كىتاپ ئوقۇشنى مۇلاھىزىلىك پىكىر بايان قىلىش دېيىشكە بولمايدۇ.

— مۇئەللىم، بۇ گەپچە، ئەمدى پەلسەپەنى مۇھاكىمە قىلمامدۇق ؟ — سورىدى جىن يىڭزى.

— ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى مۇھاكىمە قىلغانلىق بولىدۇ. چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاش بولمايدۇ. مەن قىلىۋاتقان ئىش مەن ياقتۇرىدىغان ئىش ھېسابلىنىدۇ. ھەممىڭلارنىڭ، دەرسنى مۇشۇنداق روھىي ھالەتتە ئاڭلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا يەنە: «كېلەر شەنبە كۈنى پىكىر بايان قىلىشنى باشلايمىز. ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىمىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى، ئىمە ئۈچۈن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭلارنى سۆزلەيسىلەر. شۇنىڭ بىلەن ئىپكۈر ئېيتقان ھېسسىي خۇشاللىق بىلەن ئەقلىي خۇشاللىقنى تېخىمۇ ئېنىقراق چۈشىنەلەيمىز» دېدى.

مۇئەللىم سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مېنىڭچە، پەلسەپە ئۆگىنىش سىنىپىدىمۇ سىنىپ باشلىقى بولۇشى زۆرۈر. 6 - يىللىق 1 - سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى لى زەيشى بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالسا قانداق دەيسىلەر ؟

— كىم بولسا مەيلى.

— توغرا، لى زەيشى، سەن سىنىپ باشلىقى بولغىن.

— بولىدۇ، مەن سىنىپ باشلىقى بولاي.

باشقىلار كىمنىڭ سىنىپ باشلىقى بولىشى مۇھىم ئەمەس دەپ قارىسىمۇ، لى زەيشى ئۆزىنى بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ باشلىقى بولۇشقا لايىق دەپ قارايتتى.

ئاخىرىدا مۇئەللىم بىلەن ئوقۇغۇچىلار كېلەر شەنبە كۈنى رېن دارىيىنىڭ بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن جىن يىڭزى، ۋۇ مىنجياۋ بىلەن لى زەيشى سۆزلەيدىغانلىقىنى، قالغان تۆتەيلەننىڭ يەنە بىر ھەپتىسى پىكىر بايان قىلىدىغانلىقىنى بېكىتتى.

## 2. ئويۇن ـ سەۋەبى يوق ھەۋەس

ۋاقىت تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يەنە جۈمە كەلدى. ئەتىدىكى پەلسەپە دەرسىدە ساۋاقداشلار پىكىر بايان قىلىدۇ. قانداق بولۇشتىن قەتئىينەزەر، بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلىدىغان ئوقۇغۇچى چوقۇم جىددىيلىشىدۇ. ئەتە رېن دارېن بىرىنچى بولۇپ پىكىر بايان قىلالاتتى.

گەرچە بۇ ھەممە ئادەم بىلىدىغان ئويۇن، تونۇش جايدا موماي دەرەخ ئاستىدا، تونۇش چىرايلار ئالدىدا ئۆتۈلىدىغان دەرس بولسىمۇ، لېكىن، رېن دارېن ھەممە ئادەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئەھۋالدا، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا پىكىر قىلىشنى ئويلىسىلا جىددىيلىشىپ، بوشىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرىنچى بولۇپ، پىكىر بايان قىلىشقا ئاسانلا قوشۇلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. نېمە ئۈچۈن شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەندەكلا ماقۇل دەۋەتكىنىگە ئۆزىنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

— شۇ چاغدا مېنى چوقۇم شەيتان ئازدۇرۇپتۇ، بولمىسا ئۇنداق ئاسانلا ماقۇل دەۋەتمىگەن بولاتتىم. ھەي، قانداقمۇ قىلارمەن ؟ — رېن دارېن كۈچەپ بېشىنى چايقىدى. ئەگەر ئۇ

شۇ چاغدىمۇ ھازىرقىدەك بېشىنى چايقاپ تۇرغان بولسا ھېچ ئىش بولمايتتى ئەمەسمۇ؟ لېكىن بۇلارنىڭ پايدىسى يوق ئىدى.

ۋۇ مىنجياۋ پۇتبولنى رېن دارېنغا تېپىپ بەردى، لېكىن بۈگۈنكى توپ ئويناش رېن دارېننى باشقا كۈندىكىدەك قىزىقتۇرالمىدى.

— بۈگۈن ئوينىغۇم يوق، — دېدى ئۇ پەرىشانلىق بىلەن ۋۇ مىنجياۋغا قاراپ.

ۋۇ مىنجياۋ رېن دارېننىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى چۈشەنگەچكە، ئۇنى زورلىمىدى.

— تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ ؟ — سورىدى جىن يىڭزى رېن دارېندىن.

— ياق تېخى — دېدى رېن دارېن دومسىيىپ.

جىن يىڭزى يانچۇقىدىن بىر پارچە قەغەزنى چىقىرىپ، رېن دارېنغا تەڭلەپ تۇرۇپ:

— مە، بۇنى ئال، ساڭا ياردىمى بولامدۇ، يوق بىلمەيمەن، — دېدى.

رېن دارېن قەغەزنى ئېچىپلا «مۇۋەپپەقىيەتلىك نۇتۇق سۆزلەش ئۇسۇلى» دەپ يېزىلغان تۆۋەندىكى قۇرلارنى كۆردى:

(1) نۇتۇق سۆزلەشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ئەدەپ بىلەن كۆپچىلىكتىن ئەھۋال سوراش.

(2) ئويۇن ئويناشنى ياقتۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى سۆزلەش. (مەن ھەر قانچە ئويلىنىپمۇ سەۋەب تاپالمىدىم).

(3) ئويۇن ئوينىغان چاغدىكى تەسىرات بىلەن كۆز قاراشنى سۆزلەش. (بۇنى سۆزلىگەن ۋاقتىڭدا ئۆزۈڭگە تولۇق

ئىشەن، كۆزۈڭ توۋەندە ئولتۇرغان ساۋاقداشلاردا بولسۇن.)
(4) ئويۇن ئويناشنىڭ پايدىلىق تەرىپى بىلەن زىيانلىق تەرىپىنى سۆزلەش (پايدىلىق تەرىپى شۇكى، ئۇ ئادەمنى ئەقىللىك قىلىدۇ، قول بارماقلىرىنى يۇمشىتىدۇ. زىيانلىق تەرىپى شۇكى، دەرس تەكرار قىلىشقا دەخلى قىلىدۇ، ئويناش ۋاقتى ئۇزىراپ كەتسە، باش ئاغرىيدۇ).
(5) باشقىلار سورىغان سوئالغا جاۋاب بېرىش (خاتىرجەم بول، مەن سەندىن ئاددىي سوئال سورايمەن، ئاسانلا جاۋاب بېرەلەيسەن).
جىن يىگىزى بولارنى تەييارلاش ئۈچۈن ئاخشام كېچىچە كىرپىك قاقمىغانىدى.
— سۆزلەش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە، مەنمۇ مۇشۇ بويىچە سۆزلەيمەن، — دېدى جىن يىگىزى.
— مەنمۇ كۆرۈپ باقاي، — ياندا تۇرغان ۋۇ مىنجياۋمۇ يېقىنلاپ كەلدى. بۇ كونى مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن، «كۆكۈللۈك ئۇچ كىشىلىك گورۇھ» تىكىلەر نۇتۇقنى قانداق سۆزلەش توغرىسىدا بىر ھازا مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن ئۆيگە قايتىشتى.
ئەتىسى، نۇتۇق سۆزلەش باشلاندى. مۇئەللىم دوسكىغا «ھېسسىي خۇشاللىق» دېگەن خەتنى يازدى، ئاندىن رېن دارېننى ئوتتۇرغا چىقىپ پىكىر بايان قىلىشقا ئىشارەت قىلدى.
رېن دارېن ئوتتۇرىغا چىقىپ ئاۋۋال كۆپچىلىككە ئېگىلىپ سالام بەردى، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارغا بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى.

— مەن ئويۇن ئويناشقا ئەڭ ئامراق. نېمە ئۈچۈن؟ مەن بۇ ھەقتە كۆپ ئويلىغان بولساممۇ، ئالاھىدە سەۋەب تاپالمىدىم. مەن ئويۇن ئويناشنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلىمەن. ئويۇن ئوينىغان ۋاقتىمدا دىققىتىم مەركەزلىشىدۇ، بۇ تۇيغۇ ناھايىتى ياخشى بولىدۇ.

رېن دارېننىڭ ئاۋازى سەل تىترەپ چىقسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى راۋان سۆزلەۋاتاتتى.

— سەن ئويۇنغا ئامراق ئىكەنسەن، لېكىن بۇنىڭ ئالاھىدە سەۋەبى يوق دەيسەن. بۇ مۇمكىنمۇ؟ سەن ئويۇن ئويناشقا قارىغۇلارچە ئامراقمۇ؟

لى زىرەن قول كۆتۈرۈپ، رېن دارېنغا سوئال قويدى. بۇ چاغدا رېن دارېندا بايىقى خىجىللىق ۋە جىددىيچىلىكتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇ كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويۇپ:

— شۇنداق، ھەر قانچە ئويلاپمۇ ئويۇن ئويناشنى ياقتۇرۇشۇمنىڭ سەۋەبىنى تاپالمىدىم. ئىشقىلىپ ئويۇن ئوينىغان چاغدىكى تۇيغۇ بەك ياخشى. ئىشەنمىسەڭ سىناپ باق، ئويۇن ئوينىغان ۋاقتىڭدا كاللاڭدا ھەر خىل خىياللار بولمايدۇ، پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ئوينايسەن. ئويۇنغا پۈتۈنلەي كىرىشىپ كەتكەن ۋاقتىڭدا، سەن ئۆزۈڭنى ئويۇندىكىلەرنىڭ بىر ئەزاسىدەك ھېس قىلىپ، ئۇلار بىلەن بىللە ئېلىشىسەن... نېمە دېسەم بولار؟ ئىشقىلىپ بەك ياخشى، — دېدى.

رېن دارېن ئۆزىنىڭ تەسىراتىنى ئۇدۇللا دەۋەتتى.

مۇئەللىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ساۋاقداشلار ئارىسىدا ئۇ ياقتىن بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. مەيلى قايسى ئوقۇغۇچى سۆزلىسۇن ياكى سوئال قويسۇن، ئۇ ئاڭلاپلا قويدى.


STARCRAFT
??
1
3
game
5
point!
12

جىن يىڭزى، ۋۇ مىنجياۋ، لى زەيشى ئۇچەيلەن رېن دارېندىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇراتتى. چۈنكى، دارېننىڭ ئارقىدىنلا سۆزلەش نۆۋىتى ئۇلارغا كېلەتتى.

— ئاتا - ئاناڭ بىلسە ئەدىپىڭنى بەرمەمدۇ ؟

— ئەلۋەتتە قاتتىق ئەدىپىمنى بېرىدۇ. لېكىن يەنىلا ئوينىغۇم كېلىدۇ. دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭ مەزگىللىرىدە، ئۆيدىكىلەر بەك ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ. مەن ئۇلارغا ھېچقانچە ياردەم قىلالمىغاندىكىن، ئويۇن ئوينايمەن. ئويۇن ئويناش ۋاقتىم ئاتا - ئانام بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىتتىن ئېشىپ كەتسە، تازا ئەدىپىمنى يەيمەن. ئەدىپىمنى يەپ تۇرساممۇ، يەنىلا ئويۇن ئويناشنى كۆڭۈللۈك ھېس قىلىمەن. ئويۇن ئوينىيالىسام، دادام بىلەن ئانام مېنى ھەر قانچە ئەيىبلىسىمۇ پەرۋا قىلمايمەن.

— ئويۇن ئويناشنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى بىلەن زىيانلىق تەرەپلىرىنى سۆزلەپ باقامسەن ؟ — بۇ قېتىم جىن يىڭزى سوئال قويدى.

بۇ سوئالنى ئۇلار ئالدىن دېيىشىۋالغان بولغاچقا، رېن دارېن ناھايىتى راۋان جاۋاب بەردى:

— ئويۇن ئويناش ئۇچۇنمۇ كاللا ئىشلەتمىسە بولمايدۇ، شۇڭا ئويۇن ئوينىغانسېرى كاللا ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئويۇندا بارماقلار ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بولغاچقا، بارماقلارنىڭ ئەۋرىشىملىكىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. ئويۇن ئويناش جەريانىدا كومپيۇتېرنى ئەتراپلىق چۈشەنگىلى، كومپيۇتېرغا ئويۇنغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، ئويۇن ئويناشنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىمۇ بار. ئۇ دەرسلەرنى تەكرار

قىلىشىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماي، ئوينىغان ۋاقىت بەك ئۇزاق بولۇپ كەتسە باش ئاغرىيدۇ.

لى دارېن سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ساۋاقداشلار قىزغىن چاۋاك چېلىشتى.

— ئەمدى، قايسىڭلار سۆزلەپ باقىسىلەر ؟

مۇئەللىم خۇددى تېلېۋىزوردىكى پىروگراما رىياسەتچىسىدەك، ئوقۇغۇچىلارنى پىكىر بايان قىلىشقا دەۋەت قىلدى. دەماللىققا ھېچكىم گەپ قىلمىدى. جىن يىڭزى، ۋۇ مىنجياۋ ۋە لى زەيشىلار ئاۋۋال كىمنىڭ سۆزلەيدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىۋالمىغان ئىدى. ۋۇ مىنجياۋ تۇيۇقسىز قول كۆتۈردى. پىكىر بايان قىلىشقا ئەڭ خوشى يوق بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن سۆزلەشنى تەلەپ قىلغىنىدىن ھەممەيلەن ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئەسلىدە مۇئەللىم ئۇنى بىرىنچى قېتىم سۆزلىسۇن دېگەندە، رېن دارېن ئۇنى بۇ قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغانىدى. ئۇ رېن دارېنغا جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن قول كۆتۈردىمۇ - يە؟

## 3. پۇتبول ئازابنى يېنىكلىتىدۇ

— مەن زېرىككەن ھەم قايغۇرغان چاغلىرىمدا پۇتبول ئوينايمەن. كېچىلىرى يالغۇز يېتىپ قورقۇپ، بىئارام بولغان چاغلىرىمدىمۇ سىرتقا چىقىپ پۇتبول ئوينايمەن، — دېدى ۋۇ مىنجياۋ.

ۋۇ مىنجياۋ پىكىر بايان قىلىشنى باشلىدى.

ئۇ بۇرۇن ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي رېن دارېن بىلەن جىن يىڭزىغا ئۆزىنىڭ بىردىنبىر ھەۋىسى توپ ئويناش ئىكەنلىكىنى، كەلگۈسىدە چوقۇم داڭلىق پۇتبولچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقاندى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭ سۆزلىرى بۇرۇن دېگەنلىرىدىن يىراقلاپ كەتتى.

— مېنىڭ ياقتۇرىدىغىنىم ھەم مېنى خۇشال قىلىدىغىنى پۇتبول. مەن مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مەيدانىدا ساۋاقداشلىرىم بىلەن پۇتبول ئويناپلا قالماستىن، ئۆيگە قايتقاندىن كېيىنمۇ سومكامنى قويۇپلا، ئۆزۈم يالغۇز سىرتقا چىقىپ پۇتبول ئوينايمەن.

ئوقۇغۇچىلار ۋۇ مىنجياۋنىڭ سۆزىنى دىققەت بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. كۆپچىلىك ئادەتتە ئۇنى بەك كەپسىز، كەم سۆز، پۇتبول ئويناشتىن باشقىنى بىلمەيدۇ دەپ قارايتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇنىڭ شۇنداق راۋان سۆزلەۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالدى، ئۇنىڭ بۇنچە ئازاب - ئوقۇبەتلىرى بارلىقىنى خىيالى-

غىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

— كەنتىمىزدە توپ ئوينايدىغان جايلار كۆپ، لېكىن مەن موماي دەرەخ ئاستىدا توپ ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرد-مەن. مېنى بۇ يەرنىڭ «دائىملىق مېھمىنى» دېيىشكە بولىدۇ. مەن بۇ يەردە يالغۇز توپ ئويناشنى ياخشى كۆرىمەن.

ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، كۆزىدە ئىختىيارسىز ياش لىغىرلىدى. سىنىپنىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگەردى. ئۇنىڭ كۆز يېشىنى كۆرۈپ، ساۋاقداشلارنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

ئەسلىدە، ۋۇ مىنجياۋ چوڭ ئانىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى راك كېسەللى بىلەن دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىن بۇيان، ئۇ ئۆيگە يالغۇز قاراۋاتاتتى. بۇرۇن ئۇنىڭمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشاش ئاتا - ئانىسى، ئىللىق ئائى-لىسى بار ئىدى. لېكىن ئاتا - ئانىسى ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا، ئامال-سىز چوڭ ئانىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتاتتى. ھازىر چوڭ ئانى-سى ئاغرىپ قالدى، بۇ ئۇنىڭغا ئېغىر زەربە بولدى. كەنتتىكى پېشقەدەملەر بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلەتتى.

رېن دارېننىڭ دادىسى يەر تېرىشتىن باشقا يەنە مېھرىگى-ياھ، سېرىق تاماكا قاتارلىقلارنى تېرىيتتى، ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى خېلى ياخشى ئىدى. شۇڭا دارېن دائىم ۋۇ مىنجياۋلارغا گۇرۇچ ئاپىرىپ بېرەتتى، ئۇ مۇشۇنداق قىلىۋات-قىلى بەش يىل بولۇپ قالغانىدى. رېن دارېن ھەر قېتىم ئۇلارغا گۇرۇچ ئاپىرىپ بېرىدىغان چاغدا ئۇنىڭ دادىسى: «ئۇ ئۆيدە ياشانغان بىر ئايال بىلەن بىر كىچىك بالا تۇرسا، بىر يىلدا قانچىلىك ئاشلىق يەيتتى؟» دەيتتى.



رېن دارىنىڭ ئۆيىدىكىلەرلا ئەمەس، جىن يىگىتنىڭ ئانىسىمۇ دائىم مىن جياۋ بىلەن ئۇنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ قىيىن كۈنلەرنى ئۆتكۈزۈشىگە ياردەم بېرەتتى. جىن يىگىتنىڭ دادىسى يوق بولۇپ، ئانىسى مىڭ بىر مۇشەققەتتە ناخشا ئېيتىش زالى ئېچىۋالغاندى. جىن يىگىتنىڭ ئانىسىمۇ ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى بىلگەچكە ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتەتتى. ئۇ ھەر قېتىم كۆكتات چىلىغان ياكى ياخشى تاماقلارنى ئەتكەندە، ئاۋۋال جىن يىگىتنى ۋۇ مىنجياۋنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتەتتى. جىن يىگىتمۇ ھەر قېتىم ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئانىسى ئۇنىڭدىن لازىملىق نەرسىلەرنى ئەۋەتەتتى. ئۇ ۋۇ مىنجياۋنىڭ يىللىغۇز، ئاچ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دەسلەپتە جىن يىگىتنىڭ ئانىسى ۋۇ مىنجياۋغا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تاماق يېيىشنى ئېيتقانىدى. لېكىن، ۋاقىت ئۇزارغانسېرى ۋۇ مىنجياۋ خىجىل بولۇپ تاماققا بارمايدىغان بولدى. جىن يىگىتنىڭ ئانىسى ئامالسىز تاماقنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەتتى.

— بۇ دەرەخ مېنىڭ چوڭ ئانامغا بەك ئوخشايدۇ، — دېدى ۋۇ مىنجياۋ كەينىدىكى موماي دەرەخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مانا مۇشۇلار.

ۋۇ مىنجياۋنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشتى، ئۇ ناھايىتى تەسىرلىك سۆزلىدى. ھېچكىم ئۇنىڭدىن سوئالمۇ سورىمىدى.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى دەم ئېلىپ كىرىشكە بۇيرۇدى. ۋۇ مىنجياۋ يەنە سومكىسىدىن ھەر ۋاقىت ئايرىمايدىغان توپنى ئالدى. ساۋاقداشلار ھەيران بولۇپ: «بايا نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى لۆمۈلدەپ تۇراتتى، ھازىر خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك يەنە توپ ئويناشقا ئۇنىڭ قانداقمۇ رايى بارىدىغاندۇ؟» دېيىشتى.

## 4. ئازاب ۋە شادلىققا تولغان ناخشا ئېيتىش ئۆيى

سۆزلەش نۆۋىتى جىن يىڭزى بىلەن لى زەيشىغا كەلدى. بايا جىن يىڭزى ئانچە جىددىيلەشكەندەك قىلمىغان ئىدى، لېكىن رەسمىي سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە تىت - تىت بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ جياۋنىڭ بايىقى تەمكىن كەيپىياتى ئۇنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرىۋەتكەن ئىدى. بېشىنى قانداق باشلىسام بولار؟ ئۇنىڭ كاللىسى قۇپ - قۇرۇق ئىدى.

— جىن يىڭزى، سەن ھېلىقى «دۇنيا» رىڭ توغرۇلۇق سۆزلەمسەن؟ — لى زەيشى، جىن يىڭزىدىن قاملاشمىغان سوئالدىن بىرنى سورىدى.

— مەن تېخى بىر قارارغا كەپ بولالمىدىم، — دېدى جىن يىڭزى خۇشياقمىغاندەك جاۋاب بېرىپ.

جىن يىڭزى قانداقلا بولسۇن، نېمە توغرىلىق سۆزلەش، بېشىنى قانداق باشلاش ھەققىدە تېزدىن بىر قارارغا كېلەلمىسەم بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى.

مۇئەللىم يەنە رىياسەتچىلەردەك جىن يىڭزىغا:

— «شادىمان ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكى ئاخىرقى بىرەيلەن، جىن يىڭزى سىز سۆزلەپ باقسىڭىز قانداق ؟ — دېدى.

— بولىدۇ مۇئەللىم، — دەپ چاقماقتەك جاۋاب بەردى

جىن يىڭزى.

ئۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ۋۇ مىنجىياۋ بىلەن رېن دارېنغا ئوخشاش ئاۋۋال كۆپچىلىكتىن ئەھۋال سورىدى، ئاندىن سۆزىنى باشلىدى.

— مەن ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىغا كىرىپ، ئاۋازىمنى قويىۋېتىپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلارنى ئېيتسام ناھايىتى خۇشال بولىمەن.

ئۇ قانداق دۇنيا ؟

ئەھۋالنى چۈشەنمەيدىغان بەزى ئوقۇغۇچىلار بىلەن مۇئەللىم تېڭىرقاپ قالدى. جىن يىڭزى بۇ مەخپىيەتلىكنى يات ئادەملەرگە پەقەتلا دەپ باقمىغانىدى. ھازىر ئۇ سۆزىنى دەل شۇ «دۇنيا» سىدىن باشلىدى.

— مەن ھەر كۈنى ئۇ يەرگە كىرىپ ناخشا ئېيتىمەن، — دېدى جىن يىڭزى.

جىن يىڭزى ئانىسى بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرەتتى، ئانىسى ئۇنىڭغا ناخشا ئېيتىدىغان ئۆيدىن بىرنى تەييارلاپ بەرگەنىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، باشقىلار ئۇنى «بۇلبۇل» دەپمۇ چاقىراتتى. ئەگەر ئۇنىڭغا بىرەر ناخشىنىڭ ئىسمىنى دەپ بەرسىلا، شۇ ھامان ئۇ ناخشىنى ئېيتاتتى. ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتىپلا قالماي، ئۇسسۇلنىمۇ چىرايلىق ئويناياتتى.

— مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ھەم مېنى ئەڭ خۇشال قىلىدىغان ئىش، ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناش. مېنىڭ سۆزۈم تۈگىدى.

جىن يىڭزى تۇيۇقسىز سۆزىنى توختاتتى، ساۋاقداشلار

ھاڭ ـ تاڭ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭدىن نېمە دەپ سوئال سورىشنى بىلەلمەي قالغانىدى.

— مۇشۇنچىلىكلىما ؟ ئۆزۈڭنىڭ ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلىرىڭنى بىزگە تەپسىلىيرەك سۆزلەپ بەرسەڭچۇ ؟ — دېدى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان جىن جېن.

— ئۆيۈمدە ناخشا ئېيتىش ئۈسكۈنىسى بار، بۇلارنى ماڭا ئانام تەييارلاپ بەرگەن. بۇ ئۆي بىر يىل ئىچىدە پەقەت بىر-ئىككى قېتىملا خېرىدارلار ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۇ يەرگە مەندىن باشقا ھېچكىم كىرمەيدۇ. دادام ھايات ۋاقتىدا نۇرغۇن ناخشا پىلاستىنكىلىرىنى يىغىپتىكەن. ئانام ئىككىمىز ئۇ پىلاستىنكىلارنى ناھايىتى ئاسرايمىز ھەم قەدىرلەيمىز، شۇڭا ئۇنى دائىم سۈرتۈپ پاكىز ساقلايمىز.

ئۇ ۋۇ مىنجياۋغا ئوخشاش ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن سۆزلىدى.

— ئۇ ئۆينىڭ تۆت تېمىغا «ئازاب ۋە خۇشاللىق» دېگەن خەت يېزىقلىق. بۇ پەقەت مېنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبۇم. مېنىڭچە ھەر كۈنى ئوخشاش ناخشىنى ئېيتىۋەرسە، ئەھمىيەتى بولمايدۇ، قانداق ناخشا ئېيتىشنى كەيپىياتىمغا قاراپ تاللايمەن، ئۇسسۇلمۇ شۇنداق.

— جىن يىڭزى، قالتىسكەنسەن !

— ھەي، ئۇ ئۆيۈڭنى بىزگە قاچان كۆرسىتىسەن؟— جىن يىڭزىنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەنلا ئوقۇغۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن ھەر خىل سوئاللارنى سوراشقا باشلىدى.

پياۋ جوڭمىن ئۇنىڭدىن:

— يېرىم كېچىگىچە ناخشا ئېيتساڭ، قوشنىلار خاپا بول-مامدۇ ؟ — دەپ سورىدى.

پياۋ جوڭمىن باشقا ساۋاقداشلىرىغا ئوخشىمايتتى، ئۇ ناخشا ئېيتىشنى، ئۇسسۇل ئويناشنى خالىمايدىغان ئېغىر بېسىق بالا ئىدى.

— ئۇنداق بولمايدۇ، ئۆينىڭ ئاۋاز توسۇش ئىقتىدارى نا-ھايىتى ياخشى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەنت بويىچە ناخشا ئېيتىش زالىدىن بىرسىلا بولغاچقىمىكىن، ئاۋازىم چىڭراق چىقىپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇلار خاپا بولۇپ كەتمەيدۇ.

ئوقۇغۇچىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۈلكە - چاقچاقلىرى بىلەن تەڭ جىن يىڭزىنىڭ نۇتقىمۇ ئاخىرلاشتى، ئەمدى سۆزلەش نۆۋىتى لى زەيشىغا كەلگەنىدى.



## 5. لى زەيشىنىڭ ئارزۇسى داڭلىق ئاشپەز بولۇش

— ئەڭ ئاخىرىدا سۆزلەيدىغىنى سىنىپ باشلىقى لى زەيشى.

مۇئەللىمنىڭ سۆزى تۈگىشىگىلا، لى زەيشى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ نۇتقىنى باشلىدى.

— مەن قورۇما قورۇشنى ياخشى كۆرىمەن. ھەر قېتىم باشقىلارنىڭ مەن قورۇغان قورۇمىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەنلىكىنى كۆرگەن ۋاقتىمدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتىدىغانلىقىمنى دېمەيلا قوياي. تاماق ئېتىۋاتقان جەرياندىكى ھەر بىر مىنۇت ۋاقتىمنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك، ھەم بەختلىك ھېس قىلىمەن.

سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار لى زەيشى بىلەن ئانچە كۆلكەچاقچاق قىلىشمايتتى، بۇ ئۇنىڭ سىنىپ باشلىقى بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئادەتتە بەك كەم سۆز بولغانلىقىدىن ئىدى، ئۇ باشقىلارنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلايتتى، ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلاشمايتتى ياكى بۆلۈۋەتمەيتتى. ئۇ «ئەگەر باشقىلارنى گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلىسۇن دېسەك، ئاۋۋال ئۆزىمىز باشقىلارنىڭ گېپىنى ئەستايىدىل ئاڭلىشىمىز كېرەك» دەيتتى. بۇ قائىدىنى ساۋاقداشلار لى زەيشىدىن ئۆگەنگەنىدى.

ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەمەلىيەتتە مەن ھەجۋى رەسىم كۆرۈشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن. مەن «چاڭ جىنىنىڭ چۈشى» دېگەن ھەجۋى رەسىمنى كۆرگەندىن كېيىن، ئاشپەز بولۇشنى ئويلىغان. مەن كۆرگەن ھەجۋى رەسىملەر ئىچىدە، مەندە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى «پىروژنا شاھى»، شۇ چاغدا مەن تۇنجى قېتىم ئاشپەزلىكنىڭ نەقەدەر كۆپ خىل ۋە ئېسىل ھۈنەر ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدىم، — دېدى ئۇ.

لى زەيشى ئۆزىنىڭ ئاشپەزلىككە قىزىقىپ قالغان ۋە قورۇما قورۇش جەريانىدىكى تەسىراتى ھەم قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلىدى.

— دادام، ئانام قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇن مەن تاماق ئېتىپ قورۇمىلارنى قورۇغاچ تۇرىمەن. مەن 5 - يىللىقتىكى ۋاقتىمدىلا ئانامدىن بۇلارنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. چۈنكى، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر ئاشپۇزۇل ئاچاتتى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرىنىڭ ئاشپۇزۇل ئاچىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— قورۇمىلارنىڭ تەمى ئىنتايىن مۇھىم، لېكىن كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئالدىن تەييارلاش خىزمىتىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم. تەملىك قورۇما قورۇش ئۈچۈن ئەجىر قىلىش، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىش كېرەك. قورۇغان قورۇمىنىڭ رەڭگى چىرايلىق، تەمى ئۆزگىچە ھەم مايسىزراق بولۇشى كېرەك. كۆڭۈلدىكىدەك تەملەر بىرلەشكەندىلا ئاندىن مۇكەممەل قورۇما بولىدۇ.

ئاخىرىدا ئۇ، نەق مەيداندا ماھارەت كۆرسىتىش ئارقىلىق نۇتقىنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولدى. ئۇ سومكىسىدىن كىچىك ئەمبەل بىلەن مېۋە كېسىدىغان پىچاقنى ئالدى. ساۋاقداشلار-نىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ئۇ ئاۋۋال قولىغا پاكىز ئاقلانغان سەۋزىنى ئالدى.

— ھازىرقىسى، ئالدىن تەييارلىق خىزمىتى. بۇنى تەس دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، سەۋزىنى تەكشى توغرىساقلا بولىدۇ. ھازىر مەن سەۋزىنى ئىككى كۆرسەتكۈچ بارماق ئۇزۇنلۇقىدا توغرايمەن.

ئۇ سەۋزىنى چەنلىۋەتكەندىن كېيىن، «كاراسسىدا» قىلىپ سەۋزىنى ئىككى پارچە قىلدى. ئىككىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى ئوپمۇ - ئوخشاش كېسىلگەنىدى.

لى زەيشى سەۋزىنىڭ ھەر ئۈچ سانتىمېتىر ئارىلىقىغا بىردىن ئويۇق چىقاردى، ئۇنىڭ ئاددىي ئۇسۇل بىلەن ماھارەت كۆرسىتىشى ئارقىلىق، رېزبا شەكىللىك زىننەت بۇيۇمىدەك قورۇما بېزىكى تەييار بولدى.

جىن يىڭزى ئۇلۇغ كىچىك تىندى.

ئۇنىڭ ھۈنىرى ھەقىقەتەن كامالىغا يەتكەن بولۇپ، ئوقۇ-غۇچىلارنىڭ ھەممىسى خىيالغا پېتىپ كەتكەنىدى.

— ئەمدى بۇنى دەرەخنىڭ شەكلىگە ئۆزگەرتىپ بېرەي، سىلىق ئەگرى سىزىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىككى بېشىنى ئۆزگەرتىمىز.

ئۇ سەۋزىنىڭ يىلتىزى تەرەپتىن باشلاپ قاپ ئوتتۇرىغىچە تېشىنى تۇزلەپ ئەگرى سىزىق ھاسىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سەۋزە يىلتىزى دەرەخ كۆتىكىنىڭ شەكلىگە ئوخشىدى. ئەگرى سىزىق قىسمى دەرەخ شېخىغا ۋە يوپۇرمىقىغا ئوخشىدى.

— يوپۇرماقلارنىڭ تېخىمۇ تەبىئىي چىقىشى ئۈچۈن يەنە

بىر قېتىم ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك.
لى زەيشى ئەگرى سىزىق قىسمىنى يەنە نەچچىگە ئايرىدى. ئۇنىڭ ھەممە ھەرىكىتى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە تۈگەيتتى. ساۋاقداشلار تىمتاس ھالەتتە پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئۇنىڭ قولىغا قاراپ ئولتۇراتتى.
لى زەيشى ئەگرى سىزىق قىسمىنى ئۈچ بۆلەككە بۆلدى.
— بولدى، تۈگىدى.
ئۇ ساۋاقداشلىرىغا دەرەخ شەكلىدىكى سەۋزىنى كۆرسىتىپ بەردى.
— ھەي..........
ساۋاقداشلار ئۇنىڭ ھۈنىرىنىڭ قالتىسلىقىنى ھېس قىلدى، لېكىن سەۋزە ئانچە چىرايلىقتەك كۆرۈنمىدى.
لى زەيشى ساۋاقداشلىرىنىڭ چىرايىدىكى ئىپادىسىنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ:
— مەن سەۋزىنى تەخسىگە قوياي، يەنە ئوبدان قاراپ بېقىڭلار، — دېدى.
ئۇ دەرەخ شەكىللىك سەۋزىنى نېپىز قىلىپ كەستى، شۇنىڭ بىلەن دەرىخنىڭ شەكلى تېخىمۇ ئېنىق نامايان بولدى. كېسىلگەن تەرەپنىڭ رەڭگى تېشىغا چىقتى، گۈل چىقىرىلغان سەۋزە تېخىمۇ كۆركەم كۆرۈنۈپ كەتتى.
لى زەيشى سەۋزىنى تەخسىگە قويدى، ساۋاقداشلارنىڭ كۆز ئالدىدا ھەم قىزىل ھەم چىرايلىق دەرەخ شەكلىدىكى سەۋزە نامايان بولدى. ئۇ خۇددى نەپىس ھۈنەر سەنئەت بۇيۇمىغا ئوخشايتتى. ساۋاقداشلار قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. لى زەيشىمۇ ئۆزىنىڭ ماھارىتىدىن ناھايىتى رازى بولدى. ئۇ توغرالغان سەۋزىنى

ساۋاقداشلىرىغا بىر تالدىن تەقسىم قىلىپ بەردى. ساۋاقداشلار قولىدىكى سەۋزىنىڭ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ تۇراتتى، ھېچقايسىـ سىنىڭ ئۇنى يېيىشكە كۆزى قىيمايۋاتاتتى.

— قورۇما تەييارلاشتىكى مەقسەت ھۇزۇر بىلەن يېيىش ئۈچۈنغۇ؟

لى زەيشى بىر پارچە سەۋزىنى ئاغزىغا سېلىپلا چاينىۋەتـ تى، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ سەۋزىنى ئاستا ـ ئاستا ئاغزىغا سالدى، ئۇلارنىڭ چىرايىدا شېرىن ئىپادە ئەكس ئەتتى.

— ھەممىڭلار ناھايىتى ئەتراپلىق تەييارلىق قىپسىلەر، بو ـ لۇپمۇ ساۋاقداش لى زەيشىنىڭ نەق مەيداندا كۆرسەتكەن ماھارىتىـ نى قانغۇچە كۆرۈۋالدۇق. بۇ ناھايىتى قالتىس نۇتۇق سۆزلەش بولدى، شۇنداقمۇ؟ ساۋاقداش لى زەيشى رەھمەت ساڭا.

مىڭ مۇئەللىم ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۇنى ماختىدى.

— ساۋاقداشلار، ئۆتكەن قېتىم ئېپكۇرنى تىلغا ئالغىنىـ مىز ئېسىڭلاردىمۇ ؟

— ئېسىمىزدە قالماپتۇ...

— ئۇنتۇپ قاپتۇق...

ئوقۇغۇچىلار تاتلىق سەۋزىنى يېگەندىن كېيىن كەيپىياتى خېلى كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار چاقچاق قىلغاندەك تەلەپ ـ پۇزدا مۇئەللىمنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى، ئاندىن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— ئېپكۇر «خۇشال بولۇشنى بىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال ھېس قىلىش بىلەن ئارزۇ ـ ئۈمىدنى بىلىش كېرەك» دېگەن ئىدى. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، سەۋزىنىڭ تەمى قانداقراقكەن؟ — دېدى.

— بەك ياخشىكەن !



— سەۋزىنىڭ شەكلى قانداقراقكەن ؟

— بەك چىرايلىقكەن !

— مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ھېس قىلىش. بىز دەۋاتقان ھېس قىلىش بىز كۆرگەن، ئاڭلىغان، پۇرىغان، تېتىغان ۋە تۇتقاندىن ئىبارەت بەش چوڭ ئىقتىدارنى كۆرسىتىدۇ. ئېپكۇر بىزنىڭ ھېس قىلغانلىرىمىزنى راست دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئېپكۇرنىڭ دەۋرىدىكى كىشىلەر بولسا سېزىمنى يالغان، يالغان بولمىغان تەقدىردىمۇ چوقۇم توغرا بولۇشى ناتايىن دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، بايا بىز يېگەن سەۋزە گەرچە تاتلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقىي تاتلىق ئەمەس، بىزنىڭ سېزىمىمىز خاتا دېگەن گەپ. ئۇنداقتا، بىز سەۋزىنى تاتلىقكەن دەپ يالغان سۆزلەپتۇق. پەيلاسوپ ئەپلاتون سېزىم ئارقىلىق ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. لېكىن ئېپكۇر سېزىم ئارقىلىق ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن زېھنى بىلەن مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

— سەۋزە بەلكىم تاتلىق بولماسلىقى مۇمكىن دېمەكچىمۇ؟

— ئۇ دەۋردە بۇنداق ئويلايدىغان ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ‹سېزىمغا تايىنىپ شەيئىلەرنى تونۇش خاتا، يالغان، ئەمەلىي ئەمەس› دەپ قارايدۇ. بىز دائىم چۈش كۆرىمىز، چۈشىمىزدە كۆرگەنلىرىمىز چوقۇم راست ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ لېكىن ئېپكۇرنىڭ كۆز قارىشى ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ، ئەگەر بىز سېزىمنى قوبۇل قىلمىساق، سېزىمنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمىز؟ توغرا بىلەن خاتانىڭ ئۆلچىمى بىراقلا يوق بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

— ھە ... بۇ گەپىڭمۇ ئاساسى بارىكەن، — دېدى لى زەيشى ئۆز - ئۆزىگە. باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگە- شىپ باش لىڭشىتتى.

— شۇڭا، ئېپكۇرنىڭ سېزىم ھەققىدىكى تەشەببۇسى راست. باشقا ئوقۇغۇچىلار دېگەندەك چۈشىنىپ كېتەلمىدى، لېكىن لى زەيشى خېلى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇ مۇئەللىمدىن:

— ئۇنداقتا زادى كىمنىڭ توغرا؟ — دەپ سورىدى.

— ھا ... ھا ... ھا ...، ھازىرغا قەدەر بۇ بىر سىر. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئېپكۇر باشتىن - ئاخىر ئۆزى ئاڭلاپ، تۇ- تۇپ باققاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ توغرا - خاتالىقىنى بىلگىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. دېمەك، ھەق - ناھەق ئۆلچىمى سېزىمنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش كېرەك. بىز ئۆزىمىزنىڭ سېزىمىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدېگەن ئاساستا ئىپادىلەپ بېرەلمىسەك، ئوت ئۈستىگە ماي چاچقان- دەك ھەمىشە خاتالىق كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ چاغدا لى زىرەن قول كۆتۈردى.

— مۇئەللىم، مۇشۇنداقمۇ ئەھۋال بولىدىكەندە. بىز مۇشۇ يەردىن مەكتەپنىڭ مەيدانىغا قارىساق، مەيدان تۈپ - تۈز كۆ- رۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە مەيدان ئوڭغۇل - دوڭغۇل، تەكشىسىز. ئۇنداقتا بىزنىڭ مەيداننى تۈپ - تۈز دەپ ھېس قىلغىنىمىز يالغانمۇ قانداق؟

— توغرا مەكتەپنىڭ يۈگۈرۈش يولىنى ياساپ قويۇش كې- رەك ئىدى.

— مەيدانغا چىم ياتقۇزغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. لى زەيشى بىلەن ۋۇ مىنجياۋ ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپا-

دىلىدى. باشقا ساۋاقداشلارمۇ قوشۇمچە قىلىپ، «شۇنداق، توغرا» دېيىشتى.

مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بايا لى زىرەننىڭ دېگىنىدەك بۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ھېس قىلغىنىمىز خاتا. لېكىن ئېپكۇر بۇ خىل خاتالىقنى سېزىمدىكى خاتالىق دەپ قارىمايدۇ، بەلكى بۇنى ئايرىلىقنىڭ يىراق - يېقىنلىقى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان خاتا سېزىم، دەپ قارايدۇ. دېمەك، «تۆپ - تۆزدەك كۆرۈنىدۇ» بىلەن «تۆپ - تۆز كۆرۈنىدۇ» دېگىنى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى ئۇقۇم. سىز «تۆپ - تۆزدەك كۆرۈنىدۇ» دېگەن تۇيغۇنى قوبۇل قىلدىڭىز، لېكىن ئۇ تۆپ - تۆز ئەمەس، ئۇنى تۆپ - تۆز دېگىنىمىز بىزنىڭ ئاغزىمىز.

— ئاغزىمىز؟

لى زىرەن ئىشەنمىگەندەك قىلاتتى.

— بىز ئاغزىمىزنى نېمىگە ئىشلىتىمىز؟

— تاماق يېيىشكە.

لى زەيشىننىڭ يۇقىرى ئاۋازدا بەرگەن جاۋابى ساۋاقداشلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى، مۇئەللىممۇ كۈلۈپ كەتتى.

— تاماق يېيىشتىن باشقا يەنە گەپ قىلىشقىمۇ ئىشلىتىمىز! ئاغزىمىزدىن چىققان گەپلەر، دەل كۆڭلىمىزدە ئويلىغان ئىشلار. «ئالما قىزىل بولىدۇ، سەۋزە يېيىشلىك بولىدۇ»، بۇلار نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

— بىزنىڭ كۆز قارىشىمىزنى.

ئۇنداقتا، «مەيدان تۆپ - تۆز»، بۇ نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

— يەنىلا.... كۆز قارىشىمىزنى بىلدۈرىدۇ.

لى زىرەننىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ساۋاقداشلار زور قىزىقىش بىلەن، مۇئەللىم بىلەن لى زىرەننىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى.

— ئۇنداقتا «مەيدان توپ ـ تۇز» دېگەن سېزىم خاتا بولسىچۇ، ياكى «مەيدان توپ ـ تۇزدەك» دېگەن قاراش خاتا بولسىچۇ؟

— ھە .... كۆز قاراش ..... خاتا، — دېدى لى زىرەن دۇ ـ دۇقلاپ تۇرۇپ.

مۇئەللىم كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

— بەك مۇرەككەپ ئويلاپ كېتىشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېپكۇرنىڭ تەشەببۇسى.

لى زىرەن ئەركىن نەپەس ئالدى، باشقا ئوقۇغۇچىلارمۇ ئۆز ئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

— كېلەر ھەپتە يەنە نۇتۇق سۆزلەشنى داۋاملاشتۇرىمىز، بۈگۈنكىدەك ئالدىن تەييارلىق قىلىپ قويۇڭلار. ھە راست، كېلەر ھەپتە نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئوقۇغۇچىلارنى بېكىتىۋېتەيلى.






## سېزىم تونۇشنىڭ ئۆلچىمى

ئېپكۇر مەيلى قانداق شەيئى بولسۇن، ئۇنى ھەقىقىي تونۇشىمىز، ئۇنى تونۇيدىغان ئۆلچەم بولۇشى كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە ئادەمنىڭ سېزىمى تونۇشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى، خۇددى سىزغۇچ بولغاندىلا ئارىلىقنىڭ ئۇزۇن ـ قىسقىلىقىنى ئۆلچىگىلى بولغاندەك، سېزىم بولغاندىلا، نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

سېزىمنىڭ توغرىسى بىلەن خاتاسىنى دەڭسەشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال قايسى سېزىمنىڭ راست ئەمەسلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئېپكۇر ئۆزىنىڭ سېزىم ئۆلچىمى ھەققىدىكى تەشەببۇسىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. چۈنكى، سېزىمنىڭ

ئۆزى خاتا ئەمەس، پەقەت كېيىنكىلەرنىڭ سېزىمىغا بولغان خاتا قارىشى كۆپىيىپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، سېزىم خاتا دەپ قارىلىپ قالغان. مەسىلەن، يىراقتا بىر قىرلىق مۇنار بار، بىز ئۇ مۇنارنى يىراقتىن كۆرۈپ يۇمىلاقكەن، دېيىشىمىز مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ سېزىمىمىزنىڭ خاتالىقىدىن ئەمەس، بەلكى سېزىم ھەققىدىكى بىلىمىمىزنىڭ خاتالىقىنى، مۇكەممەل ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئەھۋالغا يولۇققاندا: «يۇمىلاق مۇنارنى كۆردۈم» دېمەستىن بەلكى، ئۇ مۇنار «يىراقتىن يۇمىلاقتەك كۆرۈنىدىكەن» دېيىشىمىز كېرەك.

خاتالىق سېزىمدا ئەمەس، بەلكى سېزىمدىن كېيىنكى ھۆكۈمدە. شۇڭا سېزىمدا خاتالىق يوق. سېزىمنىڭ ئۆزى ھەقىقەت، ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى تونۇيدىغان ئۆلچەم.

ئېپكۇرنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، شەيئىلەرنىڭ توغرا ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىشتا، سېزىمدىن باشلىشىمىز كېرەك. ئەتراپىمىزدا بىۋاسىتە ھېس قىلغىلى بولىدىغان نەرسىلەرمۇ، ھېس قىلالمايدىغان نەرسىلەرمۇ بار. ئەمەلىيەتتە، بىز ھېس قىلالمايدىغان بەزى نەرسىلەرنى، پەقەت ھېس قىلىشنى ئاساس ۋە چىقىش نۇقتىسى قىلساقلا، ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىيالايمىز.

بىز زىيانلىق بولمىغان بوشلۇق بىلەن ھەرىكەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئويلاپ باقايلى. بىز ھەرىكەتنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ سېزەلەيمىز. بوشلۇقنى سېزىم ئارقىلىق ھېس قىلالمايمىز. لېكىن بىز بۇنىڭلىق بىلەن بوشلۇقنى مەۋجۇت ئەمەس، دېسەك بولمايدۇ. گەرچە بىز بوشلۇقنى ھېس قىلالمىساقمۇ لېكىن، بوشلۇقتا ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت ئارقىلىق، بوشلۇقنىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئەگەر بوشلۇق بولمىسا، كىشىلەر ھەرىكەت قىلالمايدۇ. ئېپكۇرنىڭ سۆزىدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، سېزىم بىزنىڭ مەلۇم شەيئىنى چۈشىنىشىمىز، ھەم ئۇنى تونۇشىمىزدىكى مۇھىم ئۆلچەم.

III

# ئەقلىي خۇشاللىق

1. كۆڭۈللۈك باغ
2. ئاق گاز ياغلىقنىڭ سېھرىي كۈچى
3. مەنزىرە رەسىمىدەك ئىبادەتخانا
4. تەبىئەت قوينىدىكى شاتلىق





شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خۇشاللىقنى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ بارلى-
قى دەپ بىلىشىمىز كېرەك.

— ئېپكۇر

## 1. كۆڭۈللۈك باغ

گەرچە ئىككى سائەتلا دەرس ئۆتۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن پەلسەپە دەرسلىكى ساۋاقداشلار ئېتىبارسىز قارىمايدىغان مۇھىم دەرسلىك بولۇپ قالدى. ئۆتكەن ھەپتە نۇتۇق سۆزلىگەنلەر بەك ياخشى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن، تېخى نۇتۇق سۆزلىمىگەن جىن جېن بىلەن «غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردەك ياخشى سۆزلىيەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ، بىر ئاز جىددىيلىشىۋاتاتتى.

— بىزمۇ ئاز - تولا تەييارلىق قىلىپ قويامدۇق، قانداق؟

لى زىرەن دۈشەنبە كۈندىن باشلاپلا ئەنسىرەشكە باشلىغانىدى. جوڭ مىن، جىن جېن يەنە جىن شۇنلەرمۇ ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈپ باش لىڭشىتتى. لېكىن ئۇلار ھەر قانچە باش قاتۇرۇپمۇ بىرەر ياخشى تېما ئويلاپ تاپالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆتى ئاۋۋال «ئېپكۇرنىڭ خۇشاللىقى» ھەققىدە تەكشۈرۈش ۋە چۈشىنىش ھاسىل قىلىشنى قارار قىلدى. چارشەنبە كۈنى مەكتەپتىن يانغاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە موماي دەرەخ ئاستىغا يىغىلدى.

ئۇلار ناھايىتى روھى چۈشكۈن كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇلار تېخىچە ئىشنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. لېكىن، بۇنداق گەپ قىلماي تۇرىۋەرسىمۇ بولمايتتى. ئاخىرى جىن شۇن ئېغىز ئاچتى، ئۇ:

جىن جېن ئىككىمىز چېركاۋ ھەققىدىكى خۇشاللىقىمىز-
نى سۆزلىمەكچى بولدۇق — دېدى.

جن جېن بىلەن جىن شۇن كىچىكىدىن تارتىپ چېركاۋغا باراتتى. بولۇپمۇ جىن جېن كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشەنچ ۋە جاسارەت ئاتا قىلالاي-دىغان جاي ئىزدەپ، ئاخىرى چېركاۋنى مۇۋاپىق تاپقان ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان، چېركاۋغا بېرىپ ئىبادەت قىلىدىغان بولغانىدى.

— مەن ئىبادەتخانا ھەققىدىكى خۇشاللىقىمنى سۆزلەي-مەن، — دېدى جوڭ مىن.

— ئىبادەتخانا؟ ـ جىن جېن ھەيرانلىق بىلەن سورىدى.

گەرچە جىن جېن دائىم چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ناھايىتى گەپتان، كۆلگۈنچەك، ئوچۇق ـ يورۇق قىز ئىدى.

— ھېكايەڭنى بەكلا ئاڭلىغۇم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى جىن جېن تەقەززالىق بىلەن جوڭ مىنغا قاراپ.

جىن جېنىنىڭ ھەرىكەت قىلىشى قولايسىز بولغانلىقى ئۇ-چۇن، جوڭ مىن بارغان ئىبادەتخانىغا ئۇ بېرىپ باقمىغانىدى.

— مەن بېلىق تۇتقان چاغدىكى خۇشاللىقىم توغرىسىدا سۆزلەيمەن. ماۋزۇسى «تەبىئەت قوينىدىكى شادلىق»، بۇ مې-نىڭ ئۆتكەن ھەپتە مۇئەللىمگە تاپشۇرغان تاپشۇرۇقۇم. مې-نىڭچە، مۇئەللىمنىڭ بىزنى بىر گۇرۇپپا قىلىپ قويۇشىنىڭ چوقۇم سەۋەبى بار، — دېدى زىرەن.

— مەن كۆرگەن ماتېرىيالدا دېيىلىشىچە، ئېپىكۇر ئۆزىنىڭ باغچىسىدا شاگىرتلىرى بىلەن پەلسەپەنى مۇھاكىمە

قىلىدىكەن، — دېدى جوڭ مىن.

— بىز ئاۋۋال ئېپكۇر ھەققىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلايلى دېمىگەنىمىدۇق، شۇڭا جىن شۈن ئىككىمىز ئېپكۇرنىڭ ھايا-تىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىدۇق. قېنى كۆرۈپ بېقىڭلار، بەلكىم نۇتۇق سۆزلىشىڭلارغا ياردىمى بولۇپ قالار.

جىن جېن ماتېرىيالنى ئۇلارغا كۆرسەتتى.

— مەنمۇ بىر نەچچە پارچە ماتېرىيال توپلىدىم.

جوڭ مىن سومكىسىدىن توپلىغان ماتېرىياللارنى ئېلىپ ئۇلارغا سۇندى. ئۇلار ماتېرىيالنى بىرمۇبىر قۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، نۇتۇقنى قانداق سۆزلەش ھەققىدە ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى.

— بىزمۇ ئۇلارغا ئوخشاش ئاۋۋال ئەدەب بىلەن كۆپچىلىكتىن ئەھۋال سورايلى، يەنە ئۇلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىدىغان چاغدا چوقۇم ئۇلارغا تەپسىلىي جاۋاب بېرەيلى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە! — جوڭ مىن زىرەننىڭ بۇ بىر نەچچە تۇرلۇك تەكلىپىگە خۇشاللىق بىلەن قوشۇلدى.

ئۇلار ئىشەنچكە تولغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئازراق جىددىيلىشىۋاتاتتى.

— بىز نۇتۇق سۆزلەيدىغان كۈنى موماي دەرەخنىڭ ئىسمىنى ۋاقتىنچە، «كۆكۈلۈك باغ» دەپ ئۆزگەرتسەك قانداق؟ تاختايغا خەتنى مەن يازاي.

جىن جېننىڭ بۇ تەكلىپى جىن شۈن، جوڭ مىن ۋە زىرەنلەرنىڭ بىردەك قوللىشىغا ئېرىشتى. جىن شۈن جىن جېننىڭ خەت يېزىشىغا ياردەملىشىدىغان بولدى. زىرەن ئۆيىدىن ئىككى تەشتەك گۈل ئەكېلىپ بېزەپ، باغنىڭ مۇھىتىنى

تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرمەكچى بولدى. جوڭ مىن ئۆيىدىن ئىس-تاكان ئەكېلىپ، ئىبادەتخانىدا ئۆگىنىۋالغان چاي قويۇش ما-ھارىتىنى نەق نەيداندا كۆپچىلىككە نامايان قىلىپ، ئۇلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى. دەسلەپتە ئۇلار بەكلا ئەندىشە قىلغانىدى، مانا ئەمدى كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن بىتاقەت بولۇپ تۇرۇشاتتى.

شەنبە كۈنىدىكى نۇتۇق سۆزلەش باشلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋا-تاتتى. بۈگۈن نۇتۇق سۆزلەيدىغان جىن شۈن، جىن جېن، جوڭ مىن ۋە زىرەنلەر باشقا ساۋاقداشلاردىن بالدۇر كەلگەنىدى.

جىن جېن «كۆڭۈللۈك باغ» دېگەن چىرايلىق خەت يېزىل-غان تاختاينى موماي دەرەخنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ تۇرىدىغان يېرىگە ئاستى.

جوڭ مىن ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن چىنە - چەينەكلەرنى دەرەخ ئاستىدىكى يۇمىلاق شىرەگە تىزدى. ئۇ ئەكەلگەن نەر-سىلەر خېلى كۆپ بولغاچقا، ئانىسى ئەكېلىشىپ بەرگەنىدى.

زىرەن ئۆيىدىن ناھايىتى چىرايلىق ئىككى تەشتەك گۈل ئەكەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنى يۇمىلاق شىرەنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىرىنى موماي دەرەخ ئاستىغا قويدى.

ئۇلارنىڭ تۈزەشتۇرۇشى بىلەن بۇ يەر رەسمىي باغچىغا ئوخشاپ قالغان ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەند-دەك قىلاتتى.

پەلسەپە دەرسىگە قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. سائەت ئون بولاي دېگەندە مىڭ مۇئەللىم-مۇ كەلدى. ئۇ ئوقۇغۇچىلار كۆڭۈل قويۇپ بېزىگەن مەيداننى كۆرۈپ، چىرايىدا رازىمەنلىك كۈلكىسى ئەكس ئەتتى.

## 2. ئاق گاز ياغلىقنىڭ سېھرىي كۈچى

جىن شۇنىنىڭ بويى پاكارراق، ئېڭىكى ئۇچلۇق، بارماقلىرى ئۇرۇق، ئۇزۇن، قاشلىرى قارا ھەم قويۇق ئىدى، تۇرقىدىن ئۇرۇق ئاجىز كۆرۈنەتتى. لېكىن، ھەر قېتىم نۇتۇق سۆزلىگەندە ئۇنىڭ ئاۋازى ناھايىتى سۇزۇك، جاراڭلىق چىقاتتى. ئوقۇغۇچىلار ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ قايغۇ ۋە خۇشاللىقلىرىغا جۆر بولاتتى.

ئۇ بۈگۈنمۇ ئادەتتىكىگە ئوخشاش سالماقلىق بىلەن سۇزۇك جاراڭلىق ئاۋازدا نۇتقىنى باشلىدى.

— جىن جېن ئىككىمىزنىڭ سۆزلىمەكچى بولغىنى چېركاۋدىكى خۇشاللىق. ھېكايەمنى ئاۋۋال مەن سۆزلەي. مېنىڭ چېركاۋغا بېرىشىم پەقەت ئاشۇ ئاق گاز ياغلىق ئۈچۈن. بۇ، قىزلار چېركاۋغا بېرىپ، دۇئا قىلىدىغان چاغدا بېشىغا ئارتىدىغان ياغلىق.

ئۇ بىر تەرەپتىن سۆزلىگەچ ئالدىن تەييارلاپ قويغان گاز ياغلىقنى ئېلىپ ساۋاقداشلارغا كۆرسەتتى. سۈتتەك ئاق ياغلىقنىڭ ئۈستىگە غەلىتە گۈللەر بېسىلغانىدى.

— 3 - يىللىقتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا، تاساددىپىي بىر قېتىملىق پۇرسەتتە دوستۇم بىلەن چېركاۋغا باردىم. شۇ

چاغدا دوستۇمنىڭ بېشىدىكى ئاق گاز ياغلىق مېنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمنى تارتقان ئىدى. ئۇ ياغلىق بەكلا چىرايلىق ئىدى، شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ دائىم چېركاۋغا كېلىدىغان بولدۇم. چۈنكى چېركاۋغا كەلسەملا بۇ ئاق گاز ياغلىقنى كۆرەلەيتتىم.

ئوقۇغۇچىلار جىن شۇننىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغاچ، جىن جېننىڭ چىراي ئىپادىسىگە سەپسالدى. ئۇلار گەرچە قوشماق ئاچا ـ سىڭىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ كۈلگەن ھالىتى، ئاۋازى بىر ـ بىرىنىڭكىگە پەقەتلا ئوخشىمايتتى.

— باش يازنىڭ بىر كۈنى، قۇياش پارلاپ، ھاۋا ناھايىتى سۈزۈك ئىدى. چېركاۋنىڭ ئالدىدا بىر تۈپ ئاق تېرەك بولۇپ، ئۇنىڭ يۇمران يوپۇرماقلىرى مەيىن شامالدا شىلدىرلايتتى. بىز يېقىملىق ئاكاردىيون مۇزىكىسىغا تەڭكەش قىلىپ، چېركاۋغا كىردۇق. مەن كالتە يەڭ كوپتا كىيىۋالغاچقا، چېركاۋغا كىرىپلا ئازراق توڭغانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

جىن شۈن «قىزىل چاچلىق بالا» دىكى باش پېرسوناژغا ئوخشاش ھېسسىياتقا باي قىز ئىدى.

— گەرچە سەل توڭغان بولساممۇ، لېكىن كاللام ناھايىتى سەگەك، كۆڭلۈم ئازادە ئىدى. بىر دەمدىن كېيىن، دوستۇم چىرايلىق قاتلانغان ياغلىقنى ئېلىپ بېشىغا ئارتتى. ئۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم، كېيىن ئۇنىڭ ئايال مۇخلىسلار ئارتىدىغان ياغلىق ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، قولىدىكى ياغلىقنى توختىماي سىلايتتى.

— مەن ئۇ ياغلىقنى نېمىگە ئىشلىتىدىغانلىقىنى بىلمەي

ئۇيغۇر كىتاب تورى



تۇرۇپ، ئۇنىڭغا مەپتۇن بولۇپ قالدىم. دوستۇم ئېھتىيات بىلەن ياغلىقنى بېشىغا ئارتىۋىدى، ئۇنىڭ قاپ - قارا چاچلىرى كۆرۈنمەيلا قالدى. كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان قاردەك ئاپپاق ياغلىق ئۇنىڭ چاچلىرىنى يېپىۋالغانىدى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، مەندە غەلىتە بىر خىل سېزىم پەيدا بولدى، كۆڭلۇمۇ ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن دائىم شۇ دوستۇم بىلەن چېركاۋغا باردىم. چېركاۋدا ئاق گاز ياغلىقنى كۆرۈش ئۇچۇن تولىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش ھېسابلىناتتى.

جىن شۇنىڭ ھېكايىسى تۈگىدى. ساۋاقداشلار ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ئىدى. لېكىن جىن شۇنىڭ چېركاۋغا پەقەت ئاشۇ ئاق ياغلىقنى كۆرۈش ئۇچۇنلا بارىدىغانلىقىغا ئۇلارنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيۋاتاتتى.

جىن جېنىمۇ تەييارلاپ قويغان نۇتۇق قەغىزىنى قولىغا ئالدى. ئۇ چوڭقۇر بىر نەپەس ئېلىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى.

— مەن چېركاۋغا تۇنجى قېتىم جىن شۇن بىلەن بارغان ئىدىم، سىلەرمۇ بىلىسىلەر، مەن كىچىكىمدە پالەچ بولۇپ قېلىپ، مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدىم، — جىن جېن ساۋاقداشلارغا چاقلىق ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزلىدى.

ئوقۇغۇچىلار ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى.

— مېنىڭ سەۋەبىمدىن ئائىلەمدىكىلەر خۇشاللىقنى يو -

قاتتى. مەن ئەتىگەندىن كەچكىچە كارىۋاتتا ياتاتتىم، ئانام مېنىڭ ھالىمدىن خەۋەر ئالىمەن، دەپ چارچاپ ھالىدىن كېتەتتى، دادامنىڭ چىرايىدىمۇ كۈلكە ئۆچتى، ئۇ ماڭا قاراپ بەك ئاز كۈلەتتى.

ئوقۇغۇچىلار بۇنى ئاڭلاپ ئىشەنمىگەندەك، گۇمانسىرىغاندەك قىلىپ: «ھەي، بۇ مۇمكىنمۇ ؟» دەپ پىچىرلاشتى.

— لېكىن مەن دادامنىڭ ھېسسىياتىنى چۈشىنىمەن. دادام ماڭا قارىسىلا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ، ئانامنىڭ ئەتراپىمدا پايپېتەك بولۇپ چارچاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چىدىغۇچىلىكى قالمىدى. مەن چېركاۋغا مۇشۇ سەۋەب بىلەن باردىمەن، مەن ئائىلەمنىڭ خۇشاللىقىنى قايتۇرۇپ كېلەلىسەم، باشقىلار ئۈچۈن ئاز ـ تولا ئىش قىلىپ بېرەلىسەمكەن دەپ ئويلايمەن.

جىن جېنىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ، ئىنتوناتسىيەسىمۇ ئېغىر چىقىۋاتاتتى.

— ئېسىمدە قېلىشىچە، مەن تۇنجى قېتىم جىن شۇڭگە يالۋۇرۇپ مېنىمۇ چېركاۋغا ئاپار دەپ تۇرۇۋالغاندا، بىز ئۇ يەرگە ناھايىتى جاپادا بارغان ئىدۇق. چېركاۋنىڭ جىمجىتلىقى مېنى ئۆزگە تارتتى، ئەسلىدىلا قۇرۇق قەلبىم بايلىققا تولغاندەك ھېس قىلدىم. مەن شۇ چاغدا، ئەمدى ھېچ ئىش قىلماي يېتىۋەرمەيمەن، ئانامنى جاپادا قويسام بولمايدۇ، دەپ ئويلىدىم.

جىن جېن سۆزلەۋاتقاندا جىن شۇن ئۇنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقىغا ئاستا يۆلىنىۋالدى. ساۋاقداشلار بىر دەم جىن جېنغا، بىر دەم جىن شۇڭگە قارىدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن، چاقلىق ئورۇندۇقنى ھەيدەشنى مەشىق قىلىپ، چېركاۋغا بېرىشنى داۋاملاشتۇردۇم. مەن ھازىر تەقدىرىمدىن قاقشىمايمەن، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىگە مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن قارايمەن. كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، جىن شۇن ماڭا ياردەم قىلىدۇ، ھالىمدىن خەۋەر ئالىدۇ، مەن ئۇنىڭدىن ئىنتايىن مىننەتدار. ئانام ھازىر بورۇنقىدەك چارچاپ كەتمەيدۇ، دادامنىڭ چىرايىدىنمۇ كۈلكە يېغىپ تۇرىدۇ. مەن بۇنىڭدىن بەك خۇشال ھەم ئۇلاردىن تولىمۇ مىننەتدار.

جىن جېنىنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، ئوقۇغۇچىلار قىزغىن چاۋاك چېلىشتى. ئۇلار جىن جېنىنىڭ ئازابتىن قۇتۇلغانلىقىدىن خۇشال بولۇشتى.

— مەنمۇ جىن شۇنگە ئوخشاش، ھەر قېتىم بېشىمغا ئاق گاز ياغلىقنى ئارتقان ۋاقتىمدا كۆڭلۈم شۇنداق خۇش بولىدۇ، — دەپ تولۇقلاپ قويدى ئۇ.

— ئۇ ئاق ياغلىقنى ئارتقان چاغدا نېمىشقا شۇنچە خۇش بولىسەن ؟ — دەپ سورىدى مىن جياۋ.

— نېمە ئۈچۈنلىكىنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۇ ياغلىقنى ئارتسامالا كەيپىياتىم ياخشى بولۇپ قالىدۇ. بىرىنچى قېتىم ئۇ ياغلىقنى ئارتقان ۋاقتىمدا، يۈرىكىم قاتتىق سىلىپ، ناھايىتى ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدىم. مەن ئاستا - ئاستا تىنچلاندىم، قەلبىم خۇشاللىققا تولدى. ئاق ياغلىقنى ئارتىپ چېركاۋدا جىمجىت ئولتۇرغان چاغدىكى كەيپىيات باشقىچە بولىدۇ، گويا مەن پۈتۈن دۇنياغا، ساپ قەلبكە ئىگە بولغاندەك ھېس قىلىمەن.

جىن جېنىنىڭ چىرايىدا بەخت كۆلكىسى جىلۋە قىلدى.

ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى جىن شۇن بىلەن جىن جېنغا ھەۋەس بىلەن قارىدى. ئۇلار بوگۇن ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ چىرايى باشقىچە نۇرلىنىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشتى.

— ئۇ ئاق گاز ياغلىق سىلەرنى شۇنداق خۇشال قىلىدىكەن، ئۇنداقتا سىلەر چوڭ بولغاندا مۇناخ بولۇشنى ئويلىدىڭلارمۇ ؟

جوڭمىنىنىڭ ئويلانمايلا سورىغان بۇ سوئالى باشقا ئوقۇغۇچىلارنى جىددىيلەشتۈرۈپ قويدى.

— بۇرۇن ئويلىغان، — دېدى جىن جېن قىلچە يوشۇرمايلا.

ساۋاقداشلار بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ھەيران قالدى. چۈنكى، مۇناخ ئۇلار ئۇچۇن مۇقەددەس، لېكىن بۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايتتى. ئۇلار مۇناخنى ئۆزىدىن ناھايىتى يىراقتا، تۇرمۇشىمىزدا پەيدا بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

جىن جېنىنىڭ نۇتقى ئاخىرلاشتى، ساۋاقداشلار بىر ھازا سۈكۈتكە چۆمدى. ئەمدىكى نۆۋەت جوڭ مىنغا كەلگەنىدى.

— جوڭ مىن تەييارلىقىڭ پۈتتىمۇ ؟

— ئەلۋەتتە ! كېيىنكى سائەتتە مېنىڭ نۇتقۇمنى ئاڭلايسىلەر، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا.

مۇئەللىم سائەتكە بىر قارىۋېتىپ، ئوقۇغۇچىلارنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بەردى.

## 3. مەنزىرە رەسىمدەك ئىبادەتخانا

جوڭ مىن ئەسلىدە ھەم پاكار ھەم سېمىز ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇ ئورۇق ھەم ئېگىز، ئىچكى مىجەز ھەم جىمغۇر بولۇپ قالغاندى. بۇرۇن ئۇ ناھايىتى قىززىقچى بولۇپ، ئۇ گەپ قىلسىلا ساۋاقداشلىرى كۈلۈپ تېلىقىپ قالاتتى. لېكىن ئۇ ئىبادەتخانىغا بارغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ باشقىچە ئېغىر - بېسىق، كەم سۆز بولۇپ قالدى. ساۋاقداشلىرىدىن ئانچە - مۇنچە گەپ سوراپلا قوياتتى.

جوڭ مىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، باشقا ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش ئاۋۋال كۆپچىلىكتىن ئەھۋال سورىدى، ئاندىن:

— ھازىر، نۇتۇقنى باشلايمەن، — دېدى.

ئۆتكەن يىلى يازلىق تەتىلدە، ئۇ ئىبادەتخانىغا بېرىپ ئۇ يەرنىڭ تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ دائىم ئىبادەتخانىغا بارىدىغان بولدى. بۈگۈن ئۇ ئىبادەتخانىدا ئۆگەنگەن چاي قوئيۇش ماھارىتىنى كۆپچىلىككە نامايان قىلماقچى بولدى.

— بۇ مېنىڭ ئۆتكەن يىلى ئىبادەتخانىدا تۇرغان مەزگىلدە يازغان كۈندىلىك خاتىرەم، قېنى كۆرۈپ بېقىڭلار.

ئۇ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ھەر بىر ئوقۇغۇچىغا بىر نۇسخىدىن تارقىتىپ بەردى.

«ھازىر تاڭ ئاتاي دېدى، ئۇستاز تاك ـ تاك قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىبادەتخانىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. ھەممە يەر قاپ ـ قاراڭغۇ، ئىبادەتخانىدىكى شامال قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئۆيدىكى ئاجىز چىراغ نۇرى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى. مەن دەرھال ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىملىرىمنى كىيىپ، سىرتقا چىقتىم. ئىبادەتخانىدىكى ئېرىق سۈيىدە يۇزۇمنى يۇيۇپ، ئاندىن ئورنۇمغا كېلىپ ئاستا ئولتۇردۇم. بۇ ئىشلار ناھايىتى تېزلىكتە ئېلىپ بېرىلدى. مەن قىلچە ئىككىلەنمەيلا چوڭقۇر خىيالغا چۆكىدىغان ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇردۇم. مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مۇشۇنداق مىدىرلىماي ئولتۇرماقچى بولدۇم. ئەمدى ئۆيگە قايتىپ ئۇخلاش مۇمكىن ئەمەس. ئاستا ـ ئاستا كاللام سەگەكلەشتى. ئۆيدىكى چاغدا، ئانام بىر نەچچە قېتىم چاقىرغاندا ئاندىن يوتقاندىن چىقاتتىم، لېكىن ھازىر ئۆزگەردىم.

مەن ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ئىبادەتخانىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆي بولۇپ، تامنىڭ يېنىدا ئۇزۇن بىر ياغاچ ئورۇندۇق قويۇلۇق، يەرنىڭ ئۇ يەر بۇ يېرىگە سېلىنچا سېلىنغان، ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا تاۋار ـ دۇردۇن سېلىنغان بولۇپ، مېنى يېتەكلەيدىغان ئۇستازغا تەييارلانغان ئورۇن ئىدى. ئۇستازنىڭ ئورنى بىر قاراشقىلا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. سېلىنچا بۇ يەردىكى كىشىلەرگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇ يەردە ئولتۇرسا يورۇقلۇقنى كۆرگىلى، ئەركىنلىكتىن بەھرىمەن بولغىلى ھەم سوئاللارغا جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ.

مەن پۈتۈمنى گىرەلەشتۈرۈپ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، قەددىمنى تىك تۇتۇپ، ئاندىن چوڭقۇر خىيالغا چۆكمەن. ئۇستازنىڭ قولىدىكى قوڭغۇراق ھەر 25 مىنۇتتا بىر قېتىم جىرىڭلايدۇ. قوڭغۇراق ئاۋازى

سىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن جىمجىت ھالەتتە 25 مىنۇت ئول- تۇرغانلىقىڭىزنى بىلدۈردۇ. بىرىنچى قېتىملىق چوڭقۇر خىيالغا چۆ- كۈش ئاخىرلاشقاندا، سىرتقا چىقىپ بىردەم ئايلىنىپ كىرىمىز، لېكىن چوقۇم بەش مىنۇت ئىچىدە ئەسلىدىكى ئورنىمىزغا كەپ بولۇشىمىز كېرەك. ئىككىنچى قېتىملىق چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئالدىمىزدىكى ئادەمگە ئەگىشىپ رەت بويىچە ئاشخانىغا ناشتا قىلغىلى باردىم. مەن قىززىق بىر چىنە ياۋا كۆكتات ئۈمىچى ئىچتىم، يەنە بىر ئىستاكان چاي ئىچتىم. ئەلۋەتتە، بۇيەردە شېكەر يوق. چوڭقۇر خىيالغا چۆككەندە، ئەڭ تەس كېلىدىغىنى باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇش. بۇ چاغدا بەدىنىمىزنى ئازراقمۇ مىدىرلىتىشقا، بىرەر يېرىمىزنى قاشلاشقىمۇ بولمايدۇ. ئادەم بەكلا بىئارام بولۇپ كېتىدۇ. لېكىن، قانداقلا بولسۇن ھەرگىز قىمىرلاشقا بولمايدۇ. ھەر قانداق ئازدۇ- رۇشلارغا بەرداشلىق بېرىشىمىز كېرەك. چۈشكۈرگىمىز كەلسىمۇ، ھا- جەتكە چىققىمىز كەلسىمۇ بولمايدۇ. چوقۇم قوڭغۇراقنىڭ جىرىڭلىشى- نى كۈتۈشىمىز كېرەك.»

«جىمجىت ئولتۇرۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈشۈم، ئۆزۈمە- نىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىمگە قايتىش ئۈچۈن كۆرسەتكەن تى- رىشچانلىقىمدۇر. ئۇستازنىڭ دېيىشىچە، بۇ قەلبىدىكى ئاچ كۆزلىكنى چىقىرىۋېتىدىغان جەريانىكەن.»

«چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈش ناھايىتى قىيىن ئىش، ئېيتقى- لى بولمايدىغان بىر خىل ئازاب. بەزىدە بىرسى مېنى سىلىنى- چىدىن ئىتتىرىۋاتقاندەك، بەزىدە سىلىنچا ئوتتەك قىززىپ كەتكەندەك، قۇلاق تۈۋىمدە توپنىڭ دومىلاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلى- نىۋاتقاندەك بىلىنسە، يەنە بەزىدە كاللامدا خام خىياللار پەيدا بولۇپ قالىدۇ. باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرىۋېرىپ پۈتۈن بەدىنىم





تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىدۇ. بۇ قىسقىغىنا 25 مىنۇت، ماڭا ئەر-كىنلىكنىڭ قانچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئەركىنلىك-نىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدۇردى. سەھەردە، چىملىقلارنىڭ ئۈستىدىكى پارقىراق ھەم سۈزۈك شەبنەم تامچىسى سىزگە سەگەكلىك، راھەت بەخش قىلىدۇ. چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈش ئاخىرلىشىپ ئۆيدىن چىقىۋاتقان چاغدىكى خۇشاللىقىمنى تىل ئارقىلىق قانداق ئىپادىلىسەم بولار ؟

— بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقوغۇچىسىنىڭ يازغان نەر-سىسىما ؟ — ساۋاقداشلار بۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، مۇئەللىمنىڭمۇ ھەيران قالغانلىقى چىقىپلا تۇراتتى. جوڭ مىن يازغان بۇ مەزمۇنلارنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى ئىدى. گەرچە ساۋاقداشلار بۇ ماقالى-نىڭ مەنىسىنى ئانچە چۈشىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ جوڭ مىندا چوڭقۇر ئەسلىمىلەرنى قال-دۇرغانلىقىنى چۈشەندى.

— سەن ئىبادەتخانىدا قانچىلىك تۇردۇڭ، باداشقان قۇرۇش دېگەن نېمە دېگەن گەپ ؟ — دەپ سورىدى دارىين. دارىيننىڭ سوئالى جوڭ مىننىڭ ئويلىغان يېرىدىن چىقتى. شۇڭا ئۇ ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى.

— مەن ئاتا-ئانام بىلەن بىللە ئىبادەتخانىنىڭ ئون كۈن داۋاملاشقان «چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈشنى ھېس قىلىش ئەترىتى» گە قاتناشقان. ئۇ چاغدا مەن تېخى باداشقان قۇرۇشنى بىلمەيت-تىم، ھازىر ئۆگىنىۋالدىم. سىلەرگە ئۈلگە كۆرسىتىپ بېرەي.

جوڭ مىن چىملىقنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردى. ئۇ:

— ئىبادەتخانىدىمۇ مۇشۇ ھالەتتە ئولتۇرىمەن، ھازىر سەل سەمىرىپ قالغاچقا بۇرۇنقىدەك ئولتۇرالمىدىم، — دېدى.

— سەن بايا ئىبادەتخانىدا ياۋا كۆكتات ئۇمىچى بىلەن چاي ئىچتىم دېدىڭ، ئىبادەتخانىدا شۇنىڭدىن باشقا تاماق يوقمىكەن؟ — سورىدى لى زەيشى.

— توغرا دېدىڭ. مەن ئىبادەتخانىغا بارغاندىن كېيىن بىرەر قېتىممۇ گۆش يەپ باقمىدىم. ئاساسەن ياۋا كۆكتات يېدىم. ياق، ياق پۈتۈنلەي ياۋا كۆكتات يېدىم. تاماق يەۋېتىپ ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغىنى، قاچىدىكى ئۇماچنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن چاينى قاچىغا قۇيۇپ چايقاپ، ئاندىن ئۇنىمۇ ئىچىۋېتىدىكەنمىز. شۇنىڭ بىلەن قاچىنىڭ ئىچى پاك - پاكىز بولۇپ كېتىدىكەن، بىرەر تال ياۋا كۆكتاتنىڭ يوقىمۇ قالمايدىكەن، — دېدى جوك مىن.

— شۇنداق بولغاندا قاچا يۇيىدىغان سۇمۇ تېجىلىپ قالىدىكەن. شورپىنىمۇ چوقۇم پاك - پاكىز ئىچىۋېتىشىمىز كېرەك. دەسلەپتە پەقەت كۆنەلمىگەن ئىدىم، كېيىن كۆنۈپ قالدىم ھەم شۇنداق بولۇش كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ھازىر ئۆيدە تاماق يېسەممۇ ئادىتىم بويىچە تاماقنى پاك - پاكىز يەپ، قاچىنى يۇمىسىمۇ بولغۇدەك قىلىۋېتىمەن.

جوك مىن ئۆز - ئۆزىدىن پەخىرلەندى، نۇتۇق ئاخىرلاشقاندىن كېيىن جوك مىن ئۆزى دەملىگەن چاينى مۇئەللىمگە ۋە ساۋاقداشلىرىغا قۇيۇپ بەردى. ئۇلار چاي ئىچىۋېتىپ، جوك مىننىڭ «ئىبادەتخانىدىكى تۇرمۇشى» نى خىيال قىلدى، بەزى ئوقۇغۇچىلار شوخلۇق قىلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈشنى دوراۋاتاتتى.

## 4. تەبىئەت قوينىدىكى شاتلىق

ئەڭ ئاخىردا نوتوق سۆزلەيدىغىنى لى زىرەن ئىدى. ئۇ ئادەتتە ساۋاقداشلىرى بىلەن پاراڭلىششىنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن بۈگۈن ئەڭ ئاخىردا نوتوق سۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، نوتوق باشلانغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، باشقىلارنىڭ نوتقىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

زىرەننىڭ ئۆيىدىكىلەر ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئەسلىدە شەھەردە تۇراتتى، زىرەننىڭ ئانىسىنىڭ تېنى ئاجىز، سالامەتلىكى ياخشى بولمىغانلىقتىن، ئانىسىنىڭ سالامەتلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ يېزىغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئىدى.

— مېنىڭ ئۆيۈمگە بارغانلارنىڭ ھەممىسى تاغدىكى ئاشۇ كىچىك ياغاچ ئۆينىڭ مېنىڭ ئۆيۈم ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ، — زىرەن شۇنداق دەپ نوتقىنى باشلىدى.

— ئۇ ئۆينى دادام تىلىنمىغان ياغاچنى بىر تال - بىر تالدىن تىزىپ ياساپ چىققان، بىز ئۆينىڭ ئەتراپىغا چىرايلىق گۈللەرنى تېرىدۇق، يېقىن ئەتراپىدا نىلۇپەر گۈلى كۆلىمۇ بار. مەن تەبىئەت قوينىدا ياشايمەن، ئۇ ئەڭ خۇشاللىق ھەم كۆڭۈللۈك ئىش.

قارىغاندا زىرەنمۇ تەييارلىقسىز كەلمىگەنىدەك قىلاتتى.

— سىلەر بېلىق تۇتۇپ باققانمۇ ؟

تۆۋەندىكىلەردىن ھېچكىم تېخى ئۇنىڭدىن سوئال سورىد-ماستىلا، ئۆزى ساۋاقداشلىرىغا سوئال قويىدى. بىلىق تۇتۇپ باققانلاردىن جوڭ مىن، دارىن، لى زەيشىلار قول كۆتۈردى.

— بىز بېلىقنى قارماقتا ئەمەس، قارماق سىپىدا تۇتىمىز.

ساۋاقداشلار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى، قارماق بول-مىسا قانداقمۇ بېلىق تۇتقىلى بولسۇن ؟

— مەقسىدىمىز بېلىق تۇتۇش ئەمەسمۇ؟ — مىن جياۋ ئەجەبلەنگەن ھالدا زىرەندىن سورىدى.

— توغرا، بىراق سەن قارمىقى يوق ئارغامچىنى دەرياغا تاشلاپ قويۇپ، بىر - ئىككى سائەت جىمجىت ئولتۇرساڭ، بېلىق ئىلىنمىغان تەقدىردىمۇ بۇ ناھايىتى كۆڭۈللۈك. مې-نىڭچە بېلىق تۇتۇشنىڭ ئەھمىيىتى سېنىڭ قانچىلىك بىلىق تۇتقانلىقىڭدىلا ئەمەس.

زىرەن ساۋاقداشلىرىنىڭ قانداق سوئاللارنى سورايدىغانلىقىنى ئالدىن پەرەز قىلغاندەك سوئاللارغا ناھايىتى راۋان جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە ساۋاقداشلىرىغا تۆۋەندىكىدەك سوئاللارنى قويىدى.

— قايسىڭلار سالدا ئولتۇرۇپ باققان، كېمىدە ئولتۇرۇپ باققان بولساڭلارمۇ بولىدۇ ؟

— مەن شەھەر سىرتىغا دالا ساياھىتىگە چىققاندا سۇغا كىرىپ ئۆردەكلەر بىلەن ئوينىغان.

— مەن بىر قېتىم ساياھەت كېمىسىدە ئولتۇرۇپ باققان.

جىن شۇن بىلەن لى زەيشىدىن باشقا ھېچكىم سالدا ياكى كېمىدە ئولتۇرۇپ باقمىغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن زىرەن دوس-تىغا سالدىن بىرنى سىزىپ ئاندىن ساۋاقداشلارغا:





— سالىنىڭ ئۇستىدە ياتساڭلار سال سىلەرنى كۆلنى بىر ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن سال ئايلى-نىپ يەنە ئەسلىدىكى ئورنىغا كېلىدۇ. مەن سالىنىڭ ئۇستىدە جىمجىت ياتسام، ئۇ مېنى خالىغانچە لەيلىتىدۇ. بۇ خىل ئەر-كىن - ئازادىلىك ئادەمنى بەخىت تۇيغۇسىغا چۆمدۇرىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدا راستىلا بەخت جىلۋىلەندى.

— مەندەك ئۆزى ئويۇن تېپىپ ئوينىسا ياكى ئۆزى قول تىقىپ بىرەر ئىش قىلالىسا ئاندىن كۆڭۈللۈك دېسە بولىدۇ. ئادەم ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ قانداقمۇ خۇشاللىقتىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن ؟ — دەپ سورىدى دارىن چۈشىنەلمەي.

— شۇنداق، تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۇياقتىن - بۇياققا تەرگە چۆ-مۈلگۈدەك يۈگۈرسە ئاندىن كۆڭۈللۈك بولىدۇ. ھېچ ئىش قىلماي جىمجىت ئولتۇرسا قانداقمۇ بەختلىك بولىدۇ، بۇ مۇمكىنمۇ ؟

ساۋاقداشلار گەرچە ئارقا - ئارقىدىن سوئال سورىغان بولسىمۇ، لېكىن زىرەن يەنىلا تەمكىن بولۇپ، قىلچە جىددىيلەشمىدى.

— مەن ھېچ ئىش قىلمايمۇ ئۆزۈمنى شۇنداق ئازادە، كۆ-ڭۈللۈك ھېس قىلىمەن.

— زىرەن توغرا دەيدۇ، مەنمۇ شۇنداق. ئىبادەتخانىدا ھېچ ئىش قىلماي چوڭقۇر خىيالغا چۆكىمەن، لېكىن شۇ ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ھەقىقەتەن بەختلىك ھېس قىلىمەن، — جوك مىنمۇ زىرەن تەرەپتە تۇرۇپ سۆزلىدى.

جىن جېن بىلەن جىن شۇنمۇ ئۆزلىرىنىڭ چېركاۋغا بېرىپ ئاق گاز ياغلىقنى كۆرگەندە، ئۆزلىرىنى قانچىلىك كۆڭۈللۈك، خۇشال ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئوقۇغۇچىلار قايىل بولماي خېلى ۋاقىتچە بىر - بىرى

بىلەن تالاش - تارتىش قىلدى.

بۇ ۋاقىتتا مۇئەللىم ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— كۆپچىلىكنىڭ تالاش - تارتىشى ناھايىتى مەنىلىك ھەم ئەھمىيەتلىك بولدى. مەيلى ئۆتكەن ھەپتە نۇتۇق سۆزلىگەنلەر بولسۇن ياكى بۇ ھەپتە سۆزلىگەنلەر بولسۇن، ھەممىڭلار ناھايىتى ياخشى سۆزلىدىڭلار. ئۇنداقتا، سىلەرچە ئەمەلىي ھەرىكەت جەھەتتىكى خۇشاللىق بىلەن روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق ئىچىدە قايسىسى ھەقىقىي خۇشاللىق؟ ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭۈللۈك بولۇش ئېھتىماللىقى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمگە تىكىلدى.

— بۇ مەسىلە ھەققىدە، كېيىنكى سائەتلىك دەرستە تەپسىلىي چۈشەنچە بېرىمەن ھەم ئېپكور ھەققىدە توختىلىمەن.

مۇئەللىمنىڭ ئېنىق خۇلاسە چىقارمىغىنىدىن ساۋاقداشلار سەل ئەپسۇسلاندى. لېكىن، بۈگۈنكى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق ئۇلار ھېسسىي خۇشاللىق بىلەن ئەقلىي خۇشاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىۋالدى. «كۆڭۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر بىلەن «غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىنتىلىشى، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەردى.

مۇئەللىم كېلەر ھەپتىلىك تاپشۇرۇق بەرمىدى، پەقەت خاتىرە دەپتەر بىلەن قېرىنداش ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدى. ئوقۇغۇچىلار ھازىر پەلسەپە دەرسنى يېڭىلىق ۋە مەنىلىك ھېس قىلىپ، بۇ دەرسنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىدىغان بولدى. چۈنكى بۇ يەردە ئېچىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشكىلى ھەم باشقا ساۋاقداشلارنىڭ بۇرۇن نامايان بولمىغان ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگىلى بولاتتى.




## ھەرىكەت ھالىتىدىكى خۇشاللىق ۋە تىنچ ھالەتتىكى خۇشاللىقى

ئېپىكۇر تەن بىلەن ھېس قىلىش ۋە كىشىلەرنىڭ قانداق تەرزدە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىدىغان پەيلاسوپ. دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، كۆپ ساندىكى پەيلاسوپلار كىشىلىك تۇرمۇشتىكى تۈپ ھەق - ناھەق مەسىلىنى ئەخلاق جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىدۇ.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئارستوتېل: «ھەممە ئادەم بەختكە ئىنتىلىدۇ، بەخت كىشىلىك ھاياتنىڭ نىشانى» دېگەنىدى.

ئېپىكۇر قەيەردە خۇشاللىق بولسا شۇ يەردە بەخت بولىدۇ،

دەپ قارايدۇ.

ئېپكۇر مۇشۇنداق پىكىردە بولغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى خۇشاللىق ئاتا قىلغۇچى دەپ ئاتىغان. خۇشاللىق دېگەن سۆز بىلەن مەنىسى يېقىن كېلىدىغان سۆزلەردىن خۇشال بولۇش، خۇشاللىق، قانائەتلىنىش قاتارلىقلار بار. خۇشال - خۇراملىق كۆپچىلىك ئويۇن ئوينىغاندا ياكى قىزىقارلىق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغاندا ھېس قىلىدىغان قانائەت ۋە خۇشاللىق ھېسسىياتى.

ئېپكۇر قوللانغان سۆزلەردىن «hedone» دېگەن سۆزنىڭ «خۇشاللىق» دېگەن مەنىسى بار. ئەلۋەتتە ئۇنى «خۇشال بولۇش ياكى قانائەتلىنىش» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. «hedone» نىڭ ئەسلىي مەنىسى بارلىق كۆڭۈللۈك ۋە خۇشاللىق تۇيغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئېپكۇرنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، خۇشال كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىنىڭ نىشانى ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئېپكۇرنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن ئىبارەت. بىرىنچى، ئومۇمەن ھاياتىي كۈچكە ئىگە جانلىقلارنىڭ ھەممىسى خۇشاللىقنى، ھاياتلىقنى قىممەتلىك دەپ قارىشى، ئازاب - ئوقۇبەتتىن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. دېمەك، خۇشاللىق ياخشى، ئازاب ياخشى ئەمەس. ئىككىنچى، بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك تۇرمۇش خۇشاللىق. كىشىلەر ئۈزلۈكسىز خۇشاللىق بىلەن ئازابنى ھېس قىلالايدۇ. خۇشاللىق ئەسلىدىلا مەمنۇن بولۇشتىكى ھالەت، ئازاب - ئوقۇبەت ئەسلىدىنلا كۆڭۈلسىزلىكتىكى ھالەت. شۇڭا

ئېپكۇر ھەممە ئادەمنىڭ قوغلىشىدىغىنى خۇشاللىق، دەيدۇ.

ئېپكۇرنىڭ كۆز قارىشىغا ئاساسلانغاندا، خۇشاللىق ئىككى خىل بولىدۇ. بىرسى، تەن ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەرىكەت ھالەت خۇشاللىقى، يەنە بىرسى، ھەرىكەتسىز ئەھۋال ئاستىدا ئېرىشكەن جىمجىت ھالەت خۇشاللىقى. كىشىلەر مەلۇم ئېھتىياج بولغاندا ھەرىكەت ھالەت خۇشاللىقى بولىدۇ. مەسىلەن، بىز تاماق يەۋاتقان، چاي ئىچىۋاتقان، پاراڭلىشىۋاتقان ۋاقىتتا ھېس قىلغان خۇشاللىق ھەرىكەت ھالەت خۇشاللىقى بولىدۇ. مەسىلەن، مىنجىياۋغا ئوخشاش پۇتبول ئويناش ياكى زېن دارېنغا ئوخشاش ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ئويناش دېگەنلەر ھەرىكەت ھالەت خۇشاللىقىغا تەۋە.

جىمجىت ھالەت خۇشاللىقى ھەرىكەت ھالەت خۇشاللىقىغا ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئازابلىق خەۋەر ئارقىلىق كېلىدۇ. مەسىلەن، يولدا ۋەھشىي غالجىر بىر ئىتتىن قۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىنكى بىخەتەرلىك تۇيغۇسى، تەملىك تاماق ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى يېگەندىن كېيىنكى قانائەت تۇيغۇسىنىمۇ جىمجىت ھالەت خۇشاللىقى دېيىشكە بولىدۇ. بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بىلەن قانائەت تۇيغۇسىنىڭ سىزگە ئەكەلگەن خۇشاللىقى، خاتىرجەمسىزلىك بىلەن قانائەتسىزلىكنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدۇ. شۇڭا ئېپكۇر «ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ يوقىلىشى» ياكى «خاتىرجەمسىزلىكنىڭ يوقىلىشى» بولسۇن، ھەممىسى سىزنى خۇشال ھېس قىلدۇرالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

IV

# پەلسەپە ئېلىپ كەلگەن خۇشاللىق

1. ئېپكۇرنىڭ ھاياتى
2. باشقا ئېقىمدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت
3. چوڭ ئانام گۈل كەشتىلەنگەن كەشنى كىيىپ كەتتى





ئاددىي ـ ساددا تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، ساغلاملىقنى ئاشۇرۇشنىڭ ئامىلى، كىشىلەر تۇرمۇشتىكى لازىمەتلىكلەرنى چەتكە قاقىدۇ، ئۇنىڭدىن پۇتاق چىقىرىدۇ.

— ئېپىكۇر

# 1. ئېپكۇرنىڭ ھاياتى

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يەنە بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتكەن ھەپتە جىن شۇن قاتارلىق بىر نەچچەيلەن تۇزەشتۇرۇپ قويغان موماي دەرەخ ئاستىدىكى «كۆڭۈللۈك باغ» شۇ پېتى تۇراتتى. پەقەت زىرەن ئەكەلگەن گۈللەرگە سۇ قۇيۇلمىغانلىقتىن سولىشىپ قالغانىدى.

مۇئەللىم ئىشخانىسىدىكى چەينەكتە بىر تەرەپتىن گۈللەرگە سۇ قۇيغاچ:

— سىلەرنىڭ ئەڭ خۇشال بىر كۈنۈڭلار قايسى؟ — دەپ سورىدى.

— چوڭلار ھېيتلىق پۇل بېرىدىغان باھار بايرىمى!

— مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم!

— ئېدىرلىقتا بېرىپ ئوينىغان كۈنۈم!

— تەنھەرىكەت پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن كۈن!

— شەھەر سىرتىغا دالا ساياھىتىگە چىققان كۈنۈم!

ساۋاقداشلار خۇشال ھالدا ئۆزىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان بىر كۈننى بەس - بەستە دېيىشتى.

— لېكىن بەزىلەر، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغان كۈننى ئەڭ خۇشاللىق كۈنۈم دېگەن، — دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇ-

چىلارغا.

— ھە ؟ — شۇنداقمۇ گەپ قىلغان بارمۇ ؟

— بۇ گەپنى قىلغان ئادەم دەل ئېپىكۇر. ئۇ: «ھاياتىمدىكى ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈن — ئۆلۈپ كېتىدىغان كۈنۈم. سىزگە بۇ خەتنى يېزىۋاتقىنىمدا، قورقۇنۇچلۇق كېسەل مېنى قىينىۋاتاتتى، لېكىن بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايمەن. سىلەر بىلەن مۇھاكىمە قىلىشىدىغان ۋاقىتنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەملا، كۆڭلۈم شۇنداق خۇشال بولىدۇ» دېگەن. مۇئەللىم سۆزۈك جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن:

— بۇ گەپ ئېپىكۇرنىڭ جان ئۈزۈش ئالدىدا بىر دوستىغا قالدۇرغان سۆزى ھەم ۋەسىيىتى، — دېدى.

— ئۆلۈپ كېتىدىغان كۈنۈم ئەڭ خۇشاللىق بىر كۈنۈم؟ مۇشۇنداقمۇ گەپ قىلىدىغان ئادەم بارىكەن ھە؟ — ساۋاقداشلار ھەيران قالغىنىدىن گەپمۇ قىلىشمىدى.

— بىز مەلۇم بىر مۇتەپەككۇرنىڭ ئىدىيەسىنى ئۆگەنگەن ۋاقتىمىزدا، ئالدى بىلەن ئۇ ياشىغان دەۋرنىڭ قانداقلىقى، قانداق ئىدىيەنىڭ ئىدارە قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى دېگەندەك ئەھۋاللارنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. مۇشۇلارنى چۈشەنسەك، ئاندىن ئۇ مۇتەپەككۇرنى چۈشىنەلەيمىز. ئېپىكۇر ياشىغان دەۋر تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 300 ـ يىلى ئۆپچۆرىسىدە ئىدى.

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارغا ئېپىكۇرغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەردى.

— ئېپىكۇر 14 ياش ۋاقتىدىن باشلاپلا پەلسەپە ئۆگىنىشنى باشلىغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ پەلسەپە ئۆگىنىشنى


Ataraxia
爱

ىنىشىدىكى سەۋەب، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلاردىن بەكلا ئۇ-مىدسىزلەنگەنلىكى ئۇچۇن ئىكەن.

— ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىدىن، يەر شارى قانداق شەكىل-لەنگەن دەپ سورىسا، ئوقۇتقۇچى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەل-مەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئېپكۇر مەكتەپتىن چېكىنىپ، ھەر تە-رەپتە دانىشمەنلەرنى ئۆزىگە ئۇستاز تۇتۇپتۇ. ئېپكۇر پۈتۈن نىيەت بىلەن پەلسەپەگە ئىشتىياق باغلاپتۇ، ئاخىردا ئۇ ئۆزى سېتىۋالغان قورۇنى مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ، پەلسەپە ئۆگىنى-دىغان شارائىتنى بارلىققا كەلتۈرۈپتۇ. يەنى، بىزنىڭ ھازىرقى ئورنىمىزغا ئوخشاش، — دېدى مۇئەللىم زېلكوۋا دەرىخكە ئېسىلغان «كۆڭۈللۈك باغ» دېگەن خەتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

— ئېپكۇر ئۇ يەردە شاگىرتلىرى بىلەن بىللە مۇھاكىمە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئۇ شاگىرتلىرىغا تەلىم بەرگەندە، ھەممىيلەندە چوقۇم قېرىنداشلىق مېھرى-مۇھەببەت بولۇش كېرەك، دەپ تەكىتلەيدىكەن. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە قۇللارمۇ، سەرگەردانلارمۇ بار بولۇپ، ئۇ ھەممە شاگىرتلىرىغا باراۋەر مۇئامىلە قىلىدىكەن. ئېپكۇر ئۇلارغا پەرۋەردىگارنى قانداق سۆيۈش، ۋەتىنىنى قانداق سۆيۈش، ئاتا-ئانىسىدىن قانداق مىننەتدار بولۇش، قېرىنداشلىرىغا قانداق مېھرىبانلىق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆگىتىدىكەن. ئېپكۇر شاگىرتلىرى بىلەن ئاددى-ساددا تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن. بەزىدە يېرىم بوتۇلكا ھاراقنى بىرسى بىر ئوتلامدىن ئىچىدىكەن، ئەگەر ھاراق يەتمىسە، سۇنى ھاراق ئورنىدا ئىچىدىكەن.

بىر پەيلاسوپ ئېپكۇرنىڭ ئاددىي-ساددا تۇرمۇشىنى ماخ-

تاپ مۇنداق دىگەن:

— بەزىلەر كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈنمۇ تالاش - تارتىش قىلىپ ئۇرۇشىدۇ، نەتىجىدە، بۇ تەرەققىي قىلىپ بىر مەيدان كۇرەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بايلىق بىلەن كەمبەغەللىك پەرۋەردىگارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، لېكىن كىشىلەر بۇنىڭغا خاتا ھۆكۈم قىلىپ، ئايىغى چىقماس تۇيۇق يولغا كىرىپ قال - دۇ. لېكىن ئېپكۇر كىشىلەرگە ئاددىي - ساددا ياشاشنى ئەمەل - گە ئاشۇرۇشنى ئۆگەتتى.



## 2. باشقا ئېقىمدىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت

دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا، ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ئويۇنلارنى ئوينىدى. دەم ئېلىش توشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنە دەرسنى داۋاملاشتۇردى.

— بىز ئېپىكۇرنى چۈشىنىشتىن بۇرۇن، ئاۋۋال ئۇ دەۋردە قانداق پەلسەپە ئېقىملىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئېپىكۇر ياشىغان دەۋر يۇنان مەدەنىيىتى دەۋرى دېيىلىدۇ. بۇ دەۋردە ئالېكساندىرنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە قەھرىمانلىقى مەدھىيىلەنگەن. بۇ دەۋردە ئۈچ پەلسەپە ئېقىمى بولۇپ، ئۇلار ستوسىزىم ئېقىمى، سۇرىنايىك ئېقىمى ئېپىكۇر ئېقىمىدىن ئىبارەت.

ئوقۇغۇچىلار «مۇئەللىمىنىڭ بىلىدىغانلىرى ھەقىقەتەن كۆپكەن، بىر تىنىقتىلا بىر نەچچە پەلسەپە ئېقىمىدىكىلەرنىڭ ئىسمىنى دەۋەتتى»، دەپ ئويلىدى.

— ستوسىزىمچىلار تەبىئەتنىڭ نىزامىغا ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئۇلار يوقسۇللۇقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق ۋە پەزىلەت دەپ قارايدۇ. ستوسىزىمچىلارنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى سىنو. ئۇ: ‹دۇنيادىكى نىزاملار ئالدىن بەلگىلەنگەن بولىدۇ،

ھېچقايسىمىز ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنى قاچۇرالمايمىز ھەم رەت قىلالمايمىز، مانا بۇ «تەقدىر» دەپ قارايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار كۆزىنى مىتمۇ قىلماي مۇئەللىمگە قاراپ ئولتۇراتتى.

— ستوسىزىمچىلار كۆڭۈل خاتىرجەملىكىنى ئەڭ يۇكسەك ھالەت دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە، كىشىلەر ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىپ كۆڭۈل ئارامىنى يوقىتىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ دۇنيانىڭ بەختسىزلىككە ۋە قايغۇ - ھەسرەتكە تولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ چەكتىن ئاشقان ئارزۇ - ئۈمىدلىرىمىز بىلەن تەكەببۇرلىقىمىز مۇشۇنداق بەختسىزلىك ۋە ئازاب - ئوقۇبەت ئېلىپ كەلگەن.

— ستوسىزىمچىلار تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپلىق قىلماي، ئۇنى چىن كۆڭلىمىزدىن خاتىرجەم قوبۇل قىلساق، ئۇ ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىدارە قىلغان چاغدا، يەنى، كۆڭۈل تىنچ ۋاقىتدا بەختلىك بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ھەيران بولۇپ:

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىشى قانداقسىگە ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ مۇلاھىزە قىلىشىغا ئوخشايدۇ؟ — دېدى.

— ئىككىنچىسى، سۇرىنايىك ئېقىمىدىكىلەر. ئۇنىڭ بەرپا قىلغۇچىسى شىمالىي ئافرىقىدىكى سۇرىنايىك يارسىبون. ئۇنىڭ ئۇستازى «ئۆزىنى تونۇش» نى ئوتتۇرغا قويۇپ دۇنياغا داڭ چىقارغان سوقرات ئىدى.

— يارسىبون سوقراتنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇ بەخت ئىدىيەسى بىلەن سېزىم ئىنسانىنىڭ ئەڭ يۇقىرى ماھىيىتى،

دەپ قارايدۇ. ئۇ مۇشۇ ئاساستا ئۇستازىنىڭ خۇشاللىق تەلىما-تىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

— ئۇنىڭ تەلىماتى، سىزىم ھەقىقىي نەرسە،ئۇ بارلىق شەيئىلەرنى تونۇشنىڭ مىزانى. كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەق-سىدى خۇشاللىققا ئېرىشىش دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىمنىڭ خۇشاللىقنى نېمە ئۈچۈن «تەن جەھەتتىكى خۇشاللىق» ۋە «روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق» دەپ ئايرىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى.

— ھازىر بىز يۇقىرىقى ئىككى ئىلمىي ئېقىم بىلەن ئېپ-كۇر ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسىنى سېلىشتۇرۇپ باقايلى. ستوسىزىمچىلار، ئەقىل شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىلا ئاندىن بەختلىك بولغىلى بولىدۇ، دېگەننى تەشەب-بۇس قىلىدۇ.

— سۇرىنايىك ئېقىمىدىكىلەر بولسا خۇشاللىق بىر دەم-لىك بولىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مەقسىدى خۇشاللىققا ئېرىشىش، پەقەت خۇشال بولسىلا بولدى، دەپ قارايدۇ.

— ئېپكۇر، ھەقىقىي خۇشاللىق جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ئازابلار يوقالغاندىن كېيىن داۋام قىلىدىغان تىنچ ھالەت دەپ قارايدۇ. ئۇ يەنە خۇشاللىقنى ئادەتتىكى خۇشاللىق ۋە ئالاھىدە خۇشاللىق دەپ ئايرىيدۇ. خۇشاللىق ئەخلاقنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا، سۇرىنايىك ئېقىمىدىكىلەرنىڭ تەشەببۇسىغا ئوخشاش پەقەت خۇشال بول-سىلا بولىدۇ دەپ قارىساق بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

مۇئەللىم خۇددى ئۇلارغا ھېكايە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك ئوقۇغۇچىلار زوق بىلەن ئاڭلىدى. ئۆيگە قايتقۇچە زىرەن

«كۆڭۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەردىن:

— سىلەر چۈشىنەلىدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى. «كۆڭۈل-لۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ » تىكىلەر باش چايقاشتى.

— بىراق، ئاڭلىماقتا خېلى قىزىقارلىقكەن، پەلسەپە دەرسىگە خېلى قىزىقىپ قالغاندەك قىلىمەن، — دېدى جوك مىن.

— مەنمۇ شۇنداق ھېس قىلىۋاتىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق.

ئۇلار جوك مىننىڭ قارىشىغا قوشۇلدى.



## 3. چوڭ ئانام گۈل كەشتىلەنگەن كەشنى كىيىپ كەتتى

بۈگۈن سەيشەنبە، نېمە ئۈچۈنكىن «كۆكتۆللۈك ئۈچ كىشى-
لىك گۇرۇھ» تىكىلەرنىڭ بىرسىمۇ بۈگۈن دەرسكە كەلمىدى.
بىرىنچى سائەتلىك دەرس ئاخىرلاشتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئور-
نى يەنىلا بوش تۇراتتى. مىڭ مۇئەللىم دەرستىن چۈشكەندىن
كېيىن ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىسىغا تېلېفون قىلدى، لېكىن يىڭ
زىننىڭ ئانىسىلا تېلېفوننى ئالدى.

يىڭ زىننىڭ ئانىسى تېلېفوندا نېمە دېدىكىن تاڭ، مۇئەل-
لىم دەرھاللا:

— ھە، شۇنداقمۇ ؟ مەكتەپتىن يانغاندىن كېيىن يوقلاپ
بارىمەن، — دېدى.

مۇئەللىم تېلېفوننى قويۇپلا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قال-
دى. دەل شۇ چاغدا ئىككىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىش
قوڭغۇرىقى چېلىندى، مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ يەنە دەرسنى
داۋاملاشتۇردى.

مۇئەللىم دەرستىن چۈشۈپلا ئۇدۇل مىن جياۋنىڭ چوڭ
ئانىسى داۋالىنىۋاتقان دوختۇرخانىغا قاراپ ماڭدى.

— مۇئەللىم، كەچۈرۈڭ. مىن جياۋنىڭ چوڭ ئانىسى بۇ

بالىلارغا ئۆزىنىڭ نەۋرىسىدەكلا كۆيۈنەتتى. شۇڭا چوڭ ئانىسى جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇلارنى ئوبدان كۆرۈۋالسۇن دەپ دوختۇرخانىغا ئەكەلگەن ئىدىم، — دېدى يىگىتنىڭ ئانىسى.

مۇئەللىم يىڭ زىنىڭ ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۈندىمەستىن بېشىنى لىڭشىتتى. مىن جىياۋ چوڭ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى، يىڭ زى بىلەن دارىن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇراتتى. كېچىدىن بېرى موماي ھوشسىز ياتتى. ئۇ ئەتىسى ئەتىگەندە ھوشىغا كەلدى.

— يىڭ... زىنىڭ ئانىسى....

بىر چەتتە مۈگدەپ ئولتۇرغان يىڭ زىنىڭ ئانىسى موماينىڭ غاراڭ- غۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ ئويغاندى.

— ھە، ئويغاندىڭىزمۇ ؟

ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دوختۇرنى چاقىرماقچى بولىۋىدى، موماي ئۇنى توختىتىپ قويدى. ئۇ جانسىز بارماقلىرى بىلەن يىڭ زىنىڭ ئانىسىنى قېشىغا كېلىشكە ئىشارەت قىلدى. يىڭ زىنىڭ ئانىسى دەرھال موماينىڭ يېنىغا بېرىپ قۇلىقىنى موماينىڭ ئاغزىغا يېقىن ئەكەلدى.

— نەۋ....رەمنى، سىزگە.... تاپشۇردۇم...

مىن جىياۋنىڭ چوڭ ئانىسى مۇشۇ گەپنى ناھايىتى تەسلىكتە دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. يىڭ زىنىڭ ئانىسى موماينىڭ مەقسىدىنى چۈشىنىپ، بېشىنى لىڭشىتتى. ئاندىن ئۇنىڭغا يوتقاننى يېپىپ قويدى. موماي يەنە بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ، قولىنى پۇلاڭشىتتى. ئاندىن ناھايىتى تەستە:

— مىن جىياۋ.....، — دېدى.

— سىز، مەن جياۋنى سىزگە تاپشۇردۇم دېمەكچى شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق...

بۇ چاغدا، چوڭ ئانىسىنىڭ يېنىدىكى بىكار كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتقان مەن جياۋمۇ ئويغاندى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ قان دىدارى قالمىغان چىرايىغا قاراپ قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى.

— مەن جياۋنى.... سىزگە.... تاپشۇر... دۇم...

موماينىڭ ئۇنى تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ قالدى، يىڭ زىنىڭ ئانىسى بىلەن مەن جياۋ مومايغا چارچاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، بىردەم ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى. لېكىن، موماي ئەمدى گېپىنى داۋاملاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭ نەپەس ئېلىشى بارغانسېرى تېزلىشىپ كەتتى. مەن جياۋ يوتقاننى تېپىپ ئېچىپ چوڭ ئانىسىنىڭ كارىۋىتىغا ئۆزىنى ئاتتى.

— چوڭ ئانا ...

مەن جياۋنىڭ كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاقتى.

— جېنىم..... بالام...

— ھە، چوڭ ئانا.... مەن جياۋ يىغىسىنى تەستە توختۇتۇپ، پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى. ئۇ چوڭ ئانىسىنىڭ ئورۇق، يىرىك قولىنى يەڭگىل سىلىدى، موماي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— سېنى ..... ئوبدانراق ..... كۆرۈ ... ۋالاي ، مەن ... نېمىدېگەن ... بەختلىك...

موماي مەن جياۋنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى، ئۇنىڭ نەپىسى سىقىلىپ كېتىۋاتاتتى. يىڭ زىنىڭ ئانىسى دوختۇرنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى، مەن جياۋ نېمە قىلىشنى بىلمەي،



توختىماي چوڭ ئانىسىنى چاقىراتتى.

دوختۇر بىلەن سېسترا كىرگەن چاغدا، موماي ئاللىقاچان كۆز يۇمۇپ بولغانىدى. دوختۇر موماينى تەپسىلىي تەكشۈرگەندىن كېيىن يىڭ زىننىڭ ئانىسىغا قاراپ ئاستاغىنا بېشىنى چايقىدى. يىڭ زىننىڭ ئانىسى موماينىڭ مۇشۇنداقلا كېتىپ قالغىنىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى، مەن جياۋ چوڭ ئانىسىنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى. سېسترا ئۇنى ئاستا يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن، موماينىڭ يۈزىگە ئاق رەخت يېپىپ قويدى.

— موما... !

يىڭ زىننىڭ ئانىسىمۇ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرىنى تۆكتى. شۇنداق قىلىپ موماي ئۇلاردىن مەڭگۈلۈك ئايرىلدى.

تاڭ ئاتتى، قۇياش نۇرى كېسەلخانىغا تىك چۈشتى.

رېن دارېننىڭ ئانىسى بىلەن يىڭ زىننىڭ ئانىسى موماينىڭ ئاخىرەتلىكىنى قانداق ئۇزۇتۇش ھەققىدە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، موماي يېرىم ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەن بۇ كېسەلخانىنى مېيىت ئۆيى قىلىشنى ئويلىدى. ئۇ كۈنى دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن سىنىپ مۇدىرى ۋە 6 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتىكى ھەممە ئوقۇغۇچىلار موماينىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقىلى كەلدى. مەن جياۋ يىغلاۋېرىپ كۆزى قىزىرىپ ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالدىدا قەيسەرلىك بىلەن تۇردى. يىڭزىننىڭ ئانىسى بىلەن رېن دارېننىڭ ئانىسى كەنتتىكىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، مېيىتنى كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلماقچى بولغانلىقىنى مەنجياۋغا دېدى. موماي راك كېسىلىنىڭ ئازابىنى كۆپ تارتتى، لېكىن

ئۇنىڭ يەرلىكىمۇ، مەن جياۋدىن باشقا ھېچقانداق ئۇرۇق - تۇغقىنىمۇ بولمىغاچقا، قايتا - قايتا مەسلىھەت قىلىش ئارقىلىق يەنىلا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشنى قارار قىلدى.

— مەن جياۋ، سىنىڭچە قانداق ؟

— ماقۇل، — مەن جياۋ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جاۋاب بەردى.

بىر دەمدىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭلارغا:

— چوڭ ئانامنىڭ كۆز يۇمۇش ئالدىدا نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى.

— نېمە دېدى؟

— ئۇ ماڭا، مېنى ئوبدانراق كۆرۈۋالغۇسى بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئايال ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ بۇ گەپنى دەۋېتىپ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى.

— چوڭ ئانام ماڭا، بازارغا بارغاندا گۈل كەشتىلەنگەن كەش ئالغاچ كېلىشىمنى ئېيتقانىدى...

مەن جياۋنىڭ چوڭ ئانىسى ئادەتتە كورپىيەچە كىيىم، پۇتىغا رېزىنكە كەش كىيىپ يۈرەتتى. ئۇ كېسەلخانىدا يېتىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەن جياۋغا «مەن چوڭ دادىڭ بىلەن توي قىلغان ۋاقتىمدا گۈل كەشتىلەنگەن كەش كىيگەنىدىم، ئۇ كەشنىڭ قانچىلىك چىرايلىق ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟» دېگەن ئىدى.

مومايىنىڭ كېسەل ۋاقتىدا دېگەن گەپلىرى مەن جياۋنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىدى. ئۇ ئازابلىرىنى ئىچىگە پاتۇرالماي رېن دارېن بىلەن جىن يىڭزىغا ئېسىلىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى.

كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشنىڭ ئالدىنقى كۈنى مەن جياۋ، رېن دارېن بىلەن جىن يىڭزى سېتىۋېلىپ كەلگەن گۈل كەشتە-لەنگەن كەشنى چوڭ ئانىسىنىڭ پۇتىغا كىيگۈزۈپ قويدى ھەم ئۈنسىز ياش تۆكتى.

موماينىڭ مېيىتىنى كۆيدۈرگىلى ئەكىرىپ كەتتى، مەن جياۋنىڭ كۆزى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كېيىن ھېچنە-مىنى كۆرەلمىدى.

— چوڭ ئانا، خاتىرجەم ياتقىن.

مەن جياۋ ئۈندىمەستىن چوڭ ئانىسى بىلەن خوشلاشتى.






## تەمكىنلىك ۋە دوستلار ئارا خۇشاللىق

خۇشاللىق ئاتىسى ئېپكۇر تۇرغۇن ھالەتتىن ئېرىشكەن خۇشاللىقنى روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق دەپ ئاتايدۇ، چۈنكى ئۇ يۈرەكتىن چىقىدۇ. ھالەت خۇشاللىقىنى بولسا تەن خۇشاللىقى دەپ ئاتايدۇ. چۈنكى ئۇ ھەرىكەت ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ. ئۇ، پەقەت كۆڭۈل خاتىرجەم بولغاندىلا، ئېغىر - بېسىق بولغىلى ھەم ھەقىقىي خۇشال بولغىلى بولىدۇ، دەيدۇ.

ئېپكور يەنە، بىز كەيپىياتىمىزنى نورمال ھالەتتە ساقلىيالىساقلا خۇشال بولغىلى ھەم بەختلىك بولغىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇرۇنقى خۇشاللىقلىرىمىزنى ئەسلىسەكمۇ قايتىدىن خۇشاللىققا ئېرىشكەندەك بولىمىز. روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق بىلەن ھازىرقى ئازاب-ئوقۇبەتلەر ئۈستىدىن غالىب كەلسەك، خۇشاللىقتىن كەلگۈسىگە ئىنتىزار بولۇپ، ھاياتىمىز ئۈمىدكە ۋە خۇشاللىققا تولىدۇ.

ئېپكوْر، گەرچە خوْشاللىق بىلەن ئازاب ئوتتوْرىسىدا پەرق بولىسموْ، لېكىن تەندىكى ئازابنى ئىچكى خوْشاللىقتا ئۆزگەرتكىلى بولىدوْ. بىز بوْروْنقى ۋە ھازىرقى ئازابلىرىمىزدىن بىئارام بولىمىز، لېكىن كەلگوْسىدىكى خوْشاللىقلىرىمىز ۋە تىنچلىقىمىزغا نىسبەتەن ئوْمىدكە تولىمىز. كۆڭۈللۈك ئىشلارنى قانچە كۆپ ئەسلىسەك، بىز ئېرىشىدىغان خوْشاللىقموْ شوْنچە كۆپ بولىدوْ. موْشكوْل ئەھۋالغا چوْشوْپ قالغان ۋاقتىمىزدا، بوْروْنقى خوْشاللىق ۋە ئازابلىق ئەسلىمىلەرنىڭ، بىزنىڭ موْشكوْل ئەھۋالدىن قوْتوْلىشىمىزغا ياردىمى بولىدوْ، دەپ قارايدوْ.

ئېپكوْر كوْندىلىك توْرموْشىمىزدا خوْشاللىقتىن كۆپرەك بەھرىمەن بولوْشىمىز كېرەك، بولوْپموْ دوستلىرىمىز بىلەن بىللە خوْشاللىقتىن بەھرىمەن بولوْش ھەممىدىن موْھىم، دېگەننى تەشەببوْس قىلىدوْ.

ئېپكوْر، دوستلوْق ئاتا قىلغان خوْشاللىقنى تېپىلماس، ئەڭ قىممەتلىك خوْشاللىق دەپ بىلىدوْ . دوستلوْق بىر ئادەمنىڭ دانالىقىغا ئوخشاشلا موْھىم .

ئېپكوْر ئۆزىنىڭ قوروْسىدا دوستلىرى بىلەن كىشىلىك ھايات ھەققىدە موْھاكىمە يوْرگوْزوْپ، كوْنلىرىنى خوْشال ئۆتكوْزدى. دوستلوْق بىزگە بەخت ئېلىپ كېلىدوْ. كىشىنى خوْشال قىلىدىغىنى، دوستلار ئارىسىدىكى ياردەم بولماستىن، بەلكى دوستلار ئارىسىدىكى ئۆز ئارا ئىشەنچ. دوستلوْق كىشىلىك موْناسىۋەتنى ياخشىلايدوْ.

ئېپكوْر، بىزدە پەقەت باشقىلارغا مېھرىبانلىق بىلەن موْئامىلە قىلىدىغان قەلب بولسىلا، جاھاندىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەختلىك بولىدوْ، دەپ قارايدوْ. شوْڭا ئېپكوْر ئوْنلوْك ئاۋازدا شوْنداق دەيدوْكى: «دوستلوْق دوْنيانى چۆرىدەپ توْرىدوْ، ئوْ تەنتەنە قىلىۋاتىدوْ، ئورنوْڭلاردىن توْروْڭلار، بەختلىك توْرموْشىمىزنى مەدھىيەلەيلى !

V

# تەمكىن ۋە تىنچ روھىي ھالەتتە...

1. يىراق، يەنىلا خۇشال - خۇرام ياشىغۇم بار
2. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس
3. پەلسەپە ئۆگىنىشتىكى شادلىق





ئۆلۈمنىڭ بىز بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق، چۈنكى بىز بىر كۈن مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەنمىز ئۆلۈممۇ بولمايدۇ، ئۆلۈم يېتىپ كەلگەندە بىزمۇ غايىب بولىمىز.

—— ئېپكۇر

## 1. بىراق، يەنىلا خۇشال ـ خۇرام ياشىغۇم بار

مەن جىياۋ چوڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن، بەكلا بۇرۇقتۇرما بولۇپ، كارىۋاتتىنمۇ قوپمىدى، تاماقمۇ يېـ ـمىدى، ھەتتا گەپمۇ قىلمىدى. لېكىن مەكتەپكە باردى. ئۇ يىلى زىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، يىڭ زىنىڭ سومـ ـكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ مەكتەپكە بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۈگۈن شەنبە بولغاندىكىن سەن ئۆيدە ئارام ئالغىن، — دېدى يىڭزى ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۇنىڭغا نەسىـ ـھەت قىلىپ. لېكىن ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، سومكىـ ـسىنى ئېلىپ يىڭزىغا ئەگىشىپ ماڭدى.

— قورسىقىڭ ئاچمىدىمۇ ؟ — دېدى يىڭ زى.

— ئانچە ئەمەس، — دېدى مەن جىياۋ ئۇ سومكىسىدىن توپىنى ئېلىپ تەپكەچ ماڭدى. يىڭزى مىنجىياۋنىڭ نېمە ئۈچۈن پۇتبول ئويناش ئازابنى يېنىكلىتىدۇ دېگىنىنى ئەمدى چۈشەندى.

مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن، مۇئەللىم مەن جىياۋ بىلەن ئايرىم پاراڭلاشتى، ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. باشقا ساۋاقداش ـ

لىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى. پەلسەپە دەرسى يەنە باشلاندى.

— ئېپكۇر، كىشىلەر خۇشال ياشاش ئۈچۈن ھەرىكەت قى-لىشتىن ئاۋۋال، ئوبدان ئويلىنىشى كېرەك. شۇنداق قىلغان-دىلا بەختلىك ياشىغىلى بولىدۇ، دەيدۇ. ئېپكۇر، پەلسەپەدە چوڭقۇر پىكىر قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. ئەگەر ئادەم چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزەلمىسە خۇشال تۇرمۇش ئۆتكۈزەلمەيدۇ، ئوخ-شاشلا تۇرمۇشى مەنىسىز بولۇپ، كىشىلىك تۇرمۇشتىن بەھ-رىمەن بولۇشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ.

دەل شۇ چاغدا، زىرەن قول كۆتۈرۈپ مۇئەللىمدىن:

— قانداق ئادەم ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ھازىر مۇشۇ مەزمۇننى سۆزلىمەكچى ئىدىم، سەن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويدۇڭ. ئالدىراڭغۇكەنسەن ھە! — مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى.

— ئېپكۇر ئېيتقان ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەملەر دەل ئۇ ئالەمگە كېتىشكە ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان، تەبىئەتنى چۈشىنىدىغان ھەم تەقدىرگە ئىشەنمەيدىغان، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەرنى كۆرسىتىدۇ.

مۇئەللىمنىڭ ھازىر سۆزلىگىنى، ئۆتكەن قېتىم سۆزلى-گەن ستوسىزىمچىلارنىڭ تەشەببۇسىغا ئوخشمايتتى.

— تەقدىرگە پۈتۈلگەن مۇقەررەر يۈز بېرىدىغان ئىشلار بىزنىڭ سۇبيېكتىپ ئىرادىمىز بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز، ئۇنىڭ بىلەن كارىمىز بولمىسىمۇ بولىدۇ. تۇيۇقسىز يۈز بې-رىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىلىشكە ئامالسىزمىز، شۇڭا ئۇنىڭ

بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. بىز پەقەت بىزنىڭ ئىرادىمىز بويىچە بولىدىغان ئىشلارغا كۈچ چىقارساقلا بولىدۇ. ئېپكور تەقدىرگە ياكى تاسادىپىي قولغا كېلىدىغان مۇۋەپپەقىيەتكە تايانغاندىن كۆرە، ئەقلىي پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشەلمەسلىك ياخشىراق دەپ قارايدۇ. دېمەك، گەرچە ھۆكۈمى توغرا بولسىمۇ، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماسلىق، تەقدىرگە تايىنىپ تاسادىپىي مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كۆپ ياخشى. شۇڭا، ئېپكۇر ئىشلارنى ئەتراپلىق ئويلايدىغان ئادەملەر ئازابتىن ئەركىنلىككە ئېرىشىدۇ، خۇشال تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ، دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ.

— مۇئەللىم يەنىمۇ ئاددىيراق قىلىپ چۈشەندۈرۈپ بېرىڭە.

— شۇنداق قىلىڭە مۇئەللىم.

ئوقۇغۇچىلار ئانچە چۈشىنەلمەي، مۇئەللىمدىن يەنە بىر قېتىم سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

— ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلار ئۈچۈن قايغۇرماسلىقىمىز، چامىمىز يېتىدىغان ئىشلارغا كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تىرىشىشىمىز، خۇشال-خۇرام ياشىشىمىز كېرەك، مانا بۇ ئەڭ ئاقىلانە تاللاش.

ئوقۇغۇچىلار چۈشەنگەندەك قىلىپ «ھە» دېيىشتى.

— يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېيتساق، ھاياتلىقتىكى خۇشال تۇرمۇش، دوستلۇققا موھتاج.

مۇئەللىم چايدىن بىر ئوتلىۋەتكەندىن كېيىن «كۆكۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكلىگە چوڭقۇر مەنىدە قاراپ

قويىدى.

— ئېپىكۇرغا نىسبەتەن، بىر ئادەمنىڭ دوستلۇقى بىلەن دانىشمەنلىكى ئوخشاشلا مۇھىم، بەلكىم دوستلۇقنىڭ قىممىتى تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، پەقەت تەڭرى دوستلۇقتىن بەختكە ئېرىشسىلا، ئىنسانلار بەختكە ئېرىشىدۇ. تۇرمۇشتا بەختلىك بولۇش ئۈچۈن نۇرغۇن ئەقىل ـ پاراسەت بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ ئەقىل ـ پاراسەت يەنىلا دوستلۇق. دوستلۇق ئېپىكۇرنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. شۇڭا ئۇ، قوشنىلار بىلەن دوستانە، ئىناق خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈشنى تەكىتلەيدۇ. خۇددى ئۇنىڭ باغدا دوستلىرى بىلەن مەسىلىلەرنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگىنىگە ئوخشاش.

— مۇئەللىم، بىزمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش، — دېدى جىن جېن مۇئەللىم توختىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ.

— بىز ھازىر ئېپىكۇرنىڭ قورۇسىدا، يەنى بىزنىڭ دوستلۇق ۋە خۇشاللىققا تولغان ھويلىمىزدا، موماي دەرىخى ئاستىدا پەلسەپە ئۆگىنىۋاتىمىز.

— ھەي، راست ئوخشايدىكەن، — دېدى لى زەيشى جىن جېنغا ئەگىشىپ.

— «كۆڭۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرنىڭ دوستلۇقىمۇ ياخشىغۇ، — دېدى زىرەن.

زىرەن گەرچە «كۆڭۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر بىلەن بەك يېقىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ دوستلۇقىغا بەكلا ھەۋەس قىلاتتى.

— توغرا، مەنمۇ ئۇلارنى بەك ياخشى كۆرىمەن.

— مەنمۇ شۇنداق، مىن جياۋ، دارىن، يىلى زى ئۈچىنىڭ دوستلۇقى ھەققەتەن ئادەمنى قايىل قىلىدۇ.

مۇئەللىم بىلەن لى زەيشىمۇ «كۆكۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گورۇھ» تىكلەرنىڭ دوستلۇققا بولغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

— ئېپكور، دوستلارنىڭ ياردىمى بىزگە ياردەم قىلمايدۇ، بەلكى دوستلار ئارىسىدىكى ئىشەنچ بىزگە ياردەم قىلىدۇ، دېگەن، — دېدى جوك مىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن.

— توغرا دېدىڭ، دوستلىرىنىڭ بىۋاسىتە ياردىمى ئارقىلىق ئېرىشكەن خۇشاللىقتىن ئەمەس، بەلكى دوستلارنىڭ ئەمەلىي ياردىمى ۋە ئىشەنچىسىدە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى خۇشاللىققا ۋە كۈچكە ئېرىشىمىز. لېكىن بىز ھەقىقىي دوستلۇق ئاساسىدا قىلغان ياردەم بىلەن، ساختىپەزلىك ئارىلاشقان ياكى باشقا مەقسەتتە قىلىنغان ياردەمنى پەرقلەندۈرۈشنى بىلىشىمىز كېرەك. ئېپكورمۇ كىمنىڭ ھەقىقىي دوست، كىمنىڭ ساختا دوست ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرغان. بىرىنچى خىلدىكىلەرى ھەمىشە سەندىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداقلارنى نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي دوست دېمەيمىز؟

— چۈنكى ئۇلار باشقىلارنىڭلا ياردىمىنى قوبۇل قىلىدۇ، لېكىن باشقىلارغا ياردەم قىلمايدۇ، — دېدى جىن جېن يۈزى قىزارغان ھالدا.

— ئۆزۈڭنىڭ ماڭا قانچىلىك ياردەم قىلىدىغىنىڭنى بىلەمسەن؟ — دېدى جىن شۇن جېننىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ.





مۇئەللىم كۇلۇمسىرىگەن ھالدا:
— چۈنكى ئۇلار دوستلۇق ئۈچۈن بەدەل تۆلەشنى، ئورنىنى تولدۇرۇش دەپ ئويلايدۇ. ئۇ مېنىڭ دوستۇم بولغاندىكىن، ماڭا ياردەم قىلىشى قىلىشقا تېگىشلىك ئىش دەپ ئويلايدۇ.
— ئۇنداقتا ئىككىنچى خىلدىكىلەرچۇ ؟ — دەپ سورىدى زىرەن يەنە.
— ئىككىنچى خىلدىكىلەر دوستلۇق بىلەن ياردەمنى ئېنىق ئايرىيدىغانلار. ئېپكۇر بۇنداق كىشىلەرمۇ ھەقىقىي دوست ئەمەس، دەپ قارايدۇ.
— ھە؟
— بۇ نېمە ئۈچۈن ؟
ساۋاقداشلار ھەيرانلىق بىلەن مۇئەللىمدىن سورىدى.
— ئەگەر دوستلۇق بىلەن ياردەمنى ئېنىق ئايرىسا، ئۇنداقتا ئۇنداق دوستتىن ھېچنېمە كۈتكىلى بولمايدۇ، مەن قىيىن كۈنلەردە قالغاندا، ماڭا قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە جاسارەت ئاتا قىلغان كىشى ھەقىقىي دوست بولالايدۇ شۇنداقمۇ؟ — جىن شۇن ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى.
مۇئەللىم سەممىيلىك بىلەن بۇ قوشماق ئاچا ـ سىڭىللارغا قاراپ:
— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز. ھەقىقىي دوست، ماڭا ياردەم قىلغان كىشى ئەمەس، بەلكى مەن قىيىنچىلىقتا قالغاندا ماڭا ياردەم قىلغان، مەن ئىشەنگەن ئادەم. سىز بىلەن دائىم كۆڭۈللۈك پاراڭلاشقان دوستنىڭ بولۇشى نېمە دېگەن خۇشاللىنارلىق ئىش ھە !

— ئەگەر راستلا ئېپكۇر ئېيتقاندەك ھەممە ئادەم بىر ـ بىرىگە دوستانە بولسا، ئۇنداقتا بىز ياشاۋاتقان دۇنيا بىر كېچىدىلا گۈزەل دۇنياغا ئايلىنىپ كەتمەمدۇ ؟

بۇ، جىن شۇن ئارزۇ قىلىدىغان دوستلۇققا تولغان گۈزەل دۇنيا ئىدى.

مۇئەللىم دوسكىغا ناھايىتى رەتلىك قىلىپ مۇنداق بىر جۈملىنى يازدى:

دوستلۇق خۇشاللىق ئىچىدە دۇنيانى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئۇ بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، ئويغىنىڭلار، ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! بەختلىك تۇرمۇشىمىز ئۈچۈن مەدھىيە ئېيتايلى !

— ئېپكۇر

ساۋاقداشلار ئالىي ئېھتىرام بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراشتى، ئېپكۇرنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاۋاتقاندەك بىلىندى.



## 2. ئۆلۈم قورقۇنچلۇق ئەمەس

— ئاڭلاشلارغا ئاساسلانغاندا، ئېپكۇر كىشىلىك ھاياتتىكى خۇشاللىق ھەققىدە سۆزلىگەندە، ئۆلۈمگە بولغان ئالاھىدە كۆز قارىشىنىمۇ سۆزلىگەن. ئۇ، بىز ھايات ۋاقتىمىزدا ئۆلۈمنى ھەرگىز ھېس قىلالمايمىز. ھايات ۋاقتىمىزدا ھېس قىلالمىغان نەرسىلەرنىڭ بىز ئۈچۈن قىلچە ئەھمىيىتى يوق. شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقۇشىمىزنىڭمۇ ئاساسى يوق.

چوڭ ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان مىن جياۋ، مۇئەللىمىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلبى ئىللىپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

— ئېپكۇر، ئۆلۈم ھېچقانچە ئىش ئەمەس دەيدۇ. ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتىن كېيىن كەلگەن «ئۆلۈم» نى نەزەرگە ئىلمايدۇ. چۈنكى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بەدىنىمىزدە سېزىم بولمايدۇ ھەم ئۆلۈم ئازابىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇنداق بولغانكەن، يەنە نېمىدىن قورقۇمىز؟ دەپ قارايدۇ. ئۆلۈم دېمەك تەقدىر دېمەكتۇر، ھېچكىم بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. مەيلى سىز قانچە ئۇزاق ياشاڭ بۇنىڭ ھامان بىر چېكى بولىدۇ. ئادەم دۇنياغا پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلمەيدۇ ھەم مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ.

— مۇئەللىم، ئېپكۇر بىز تۇغۇلۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا

قاچان ئۆلۈپ كېتىشىمىزمۇ پېشانىمىزگە پۈتۈلگەن بولىدۇ دېمەكچىمۇ ؟ — دەپ سورىدى لى زەيشى مۇئەللىمدىن.

— توغرا، بىز تۇغۇلغان ۋاقتىمىزدا قاچان ئۆلۈپ كېتىشىمىزنى بىلمىگىنىمىزدەك، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەيەرگە كېتىشىمىزنىمۇ بىلمەيمىز، بىز بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ئايرىلىمىز. بىز تەبىئىي ھالدا تۇغۇلۇپ، خۇشال - خۇرام ياشىغانغا ئوخشاش تەبىئىي ھالدا خۇشال كەيپىيات بىلەن ئۆلۈمنى كۈتۈۋالىمىز. ئۆلۈمگە يۈزلىنىپ تارتىشماسلىقىمىز، ئۆز يولى بويىچە بۇ دۇنيادىن جىمجىت كېتىشىمىز لازىم. مانا بۇ ھاياتنى خۇشاللىق بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇش پوزىتسىيەسى بولىدۇ.

زىرەن مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ:

— ئۆلۈمنى خۇشاللىق ئىش دەپ قاراش ئۇنداق ئاسان ئەمەس، — دېدى.

— شۇنداق، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىڭ ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسا، كەيپىياتنى قانداقمۇ ياخشى تۇتقىلى بولسۇن ؟ مېنىڭ بۇنداق قىلالىشىم ناتايىن، ھەم بۇنداق بولىشىغا ئانچە ئىشەنمەيمەن، — دېدى مىن جياۋ.

مىن جياۋ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن چاغدىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارىدى.

— ئۆلۈمنى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، ئادەتتە بىزدە «ئۆلۈم بىزگە نىسبەتەن ئەرزىمەس بىر ئىش» دەيدىغان ئىدىيە بىلەن تونۇشىمىز كېرەك.

— بىزنىڭ ھۆكۈمىمىز ۋە كۆز قارىشىمىز سېزىمىمىز ئارقىلىق كېلىدۇ. لېكىن بىز ئۆلۈپ كەتسەك، ھېچقانداق ھۆكۈم، كۆز قاراش دېگەنلەر بولمايدۇ، چۈنكى بىزدە سېزىم





يوق. ئۆلۈمدىن قورققاندىن كۆرە، رېئال تۇرمۇشىمىزنى قەـ دىرلىشىمىز ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق قىلساق تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ھايات نېمىدېگەن قىممەتلىك ھە؟ ئەگەر بىز «ئۆلۈم بىزگە نىسبەتەن ئەرزىمەس بىر ئىش» دېگەن سۆزنىڭ مەنـ ـسىنى ھەقىقىي چۈشەنسەكلا تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلالايمىز.

مۇئەللىمنىڭ گېپى تۈگىشىگىلا، جىن جېن:

— شۇنداق، ئۆلۈم ھەممىمىزنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن، بىز ئۆزىمىزنىڭ قاچان ئۆلۈپ كېتىشىمىزنى بىلمەيمىز. بەلكىم ھازىر ياكى 10 يىل 20 يىلدىن كېتىدۇ، — دېدى.

جىن جېن كىچىك ۋاقتىدا ھايات ـ ماماتلىق سىناقنى بېـ شىدىن ئۆتكۈزگەن. شۇڭا بەزىدە چوڭ ئادەملەردەك چوڭقۇر مەنىلىك گەپلەرنى قىلاتتى.

— مېنىڭچە دانا كىشىلەر تۇرمۇشنىڭ مۇشەققىتىنى دەپ رېئاللىقتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدۇ، ھەم ھاياتنى ئ4اخىرلاشتۇرۇش ئالدىدا ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇھىم بىلىدىغىنى، قانداق قىلغاندا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىلى بولىدىغانلىقى ئەمەس، بەلكى قانداق قىلغاندا ھەربىر مىنۇت، سېكۇنتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر ئۆلۈم يېتىپ كەلسە، ئۇلار خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالىدۇ، — دېدى جوڭ مىن ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ.

مىن جياۋنىڭ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جوڭ مىن موماينىڭ مېيىتىنى ئۇزاتقان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە، قەلبى ھاياجانغا تولغان ئىدى.

## 3. پەلسەپە ئۆگىنىشتىكى شادلىق

مۇئەللىم كۇلۇمسىرەپ تۇرۇپ ساۋاقداشلارغا:
— ئاخىرىدا، سىلەرگە بىر ئېغىز گەپ قىلاي، سىلەرنىڭ پەلسەپە دەرسىنى كۇلۇمسىرىگەن ھالەتتە ئۆگىنىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.
مۇئەللىم ئېپكۇرنىڭ سۆزىدىن پايدىلاندى.
— پەلسەپە ئۆگىنىۋاتقاندا، قاپىقىڭلارنى تۈرۈپ يۈرسەڭلار، جاھاندىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ھەممىسى سىلەرگىلا كەلگەندەك بىلىنىدۇ، بۇنداق پەيلاسوپ ھاماقەت پەيلاسوپ بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن خۇشاللىق بىلەن پەلسەپە ئۆگىنىمىز، دەرسلىرىمىزنى خۇشاللىق بىلەن تەكرار قىلىمىز، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىمىزنى ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر؟
— چۈشەندۇق، — دېدى ساۋاقداشلار تەكشى ئاۋازدا.
— پەلسەپە ئۆگىنىش ياشلار ئۈچۈنمۇ، ياشانغانلار ئۈچۈن-مۇ ناھايىتى مۇھىم. پەلسەپە ئۆگىنىش قەلب ساغلاملىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، شۇڭا، بالدۇر ياكى كېيىن دەيدىغان ئىدىيە بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ساغلاملىقىمىز بالدۇر كېيىن دەپ ئايرىلمايدۇ. يەنى «پەلسەپە ئۆگىنىشكە تېخى بال-

دۇر› ياكى ‹پەلسەپە ئۆگىنىدىغان ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى› دېيىش ‹بەختلىك بولىدىغان يېشىم تېخى كەلمىدى ياكى ئۆتۈپ كەتتى› دېگۈچىلەر بىلەن ئوخشاش. بۇنداق قاراش پۈتۈنلەي خاتا.

رېن دارىن:

— مۇئەللىم يېشىمىز كىچىك ياكى چوڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پەلسەپە ئۆگىنىشىمىز كېرەك. باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق ! مۇئەللىمنىڭ دېمەكچى بولغىنى، مەيلى يېشى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن چوقۇم پەلسەپە ئۆگىنىشى كېرەك، — دېدى يىگىرى شوخلۇق قىلىپ. مۇئەللىم بىلەن ساۋاقداشلار قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئوقۇغۇچىلار مۇئەللىم سۆزلىگەن مەزمۇنلارنى چۈشەنگەندەك قىلاتتى. ئۇلار يەنە ئېپىكۇر ئېيتقان ئېغىر - بېسىقلىقنىڭ نېمىلىكىنى شۇنداقلا، تەندىكى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە روھىي جەھەتتىكى قورقۇنچنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشەندى. مىن جياۋمۇ چوڭ ئانىسىدىن ئايرىلىش ئازابىدىن ئاستا - ئاستا خالاس بولدى.

ئېپىكۇرغا مۇناسىۋەتلىك ھېكايىلار تۈگىدى.

كۈز كەلدى، زېلكوۋا دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزاردى. ھازىر ھەر كۈنى قۇياش تاغ كەينىگە ئۆتۈپ تۈن قاراڭغۇسى بولغاندا، مەكتەپ باشقا بىر دۇنياغا ئۆزگىرىپ قالىدۇ. «كۆڭۈللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر بىلەن پەلسەپە ئىزاھات سىنىپىدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئايرىلغۇسى كەلمەي، يەنىلا زېلكوۋا دەرىخى ئاستىدا تۇراتتى.

— مەن كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالماشقان ۋاقتىنى ياخشى كۆرىمەن. كەچتە زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندىن كې-

يىن، كۇندۇزدە كۆرگەن نەرسىلەرنى كۆرەلمەيمىز. كۆرەلمەي-مىز ئەمەس، بەلكى ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق چاغدا ئادەم ئۆزىنى باشقا بىر دۇنياغا كەپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، نېمىدېگەن پەيزى.

رېن دارېنىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، مىن جياۋ بىلەن يىگىرمە بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇيۇقسىز بىر كۆلەڭگە پەيدا بولدى، ئۇ ئۇلارنىڭ سىنىپ مۇدىرى مىڭ مۇئەللىم ئىدى. ئۇ مەيداندا يۈگۈرەۋاتقان بولۇپ، دەرەخ ئاستىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنى كۆرمىگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزى يالغۇز توپ ئېلىپ مېڭىپ، مەيداننى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى. ئۇ بىردەم توپنى قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا قارىتىپ تەپسە، يەنە بىردەم توپ ماھارىتى كۆرسەتتى. كېيىن ئۇ يەردىلا ئولتۇرۇپ «غورت، غورت» قىلىپ سۇ ئىچتى. «كۆڭۈللۈك ئۆچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر، ئۇسسۇزلۇقى قانغىنى مۇئەللىم ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدەك ھېس قىلىپ راھەتلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئەجەبا بۇ، ئېپىكۇر ئېيتقان ھەقىقىي خۇشاللىق شۇمىدۇ؟

— ھەي، مىن جياۋ مۇئەللىم بىلەن سىنىشىپ باققۇڭ بارمۇ؟

مىن جياۋ تۇيۇقسىز مۇئەللىمنىڭ بۇرۇن دېگەن گېپىنى ئېسىگە ئالدى.

— بەك ياخشى بولدى، مىن جياۋ غەيرەت قىل!

مىن جياۋ مەيدان تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئەھۋالنى چۈ-شەنمىگەن رېن دارېن گاڭگىرىغان ھالدا مىن جياۋنىڭ كەي-



نىدىن يۈگۈردى.

— ئىككىڭلارغا نېمە بولدى، بىللە ماڭايلى.

يىلى زىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. شۇنىڭ بىلەن لى زەيشى ۋە جوك مىنلارمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ئۇلار يىگىرىغا بىر دەمدىلا يېتىشىۋالدى. زىرەن، جىن شۇن ۋە جىن جېنلار ئۇلارنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ مەيدان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

قىيا تاغدىكى قەدىمىي زېلكوۋا دەرىخى مېھرىبانلىق بىلەن باللارنىڭ قارىسى يىتكۈچە ئۇلارغا قاراپ تۇردى …






## رېئال تۇرمۇشقا سادىق بولۇش

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى خۇشاللىقنى قوغلىشىدىغان ئېپىكور ئۆلۈمگە نىسبەتەن ئالاھىدە چۈشەنچىدە بولغان پەيلاسوپ. ئۇ، ئۆلۈمنىڭ بىزگە نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى بىز ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىزدە ھىچقانداق سېزىم بولمايدۇ، سېزىم بولمىغانىكەن ئۆلۈمنىڭمۇ ئەھمىيىتى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆلۈم ئەھمىيەتسىز ئىشقا ئايلىنىپ قالىدۇ دەپ قارىغان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سېزىممۇ يوقايدۇ، ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. مۇشۇلارنى ئويلىساقلا ئۆلۈمنىڭ ئازابىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. بىزنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەن ئۆلۈم ئۈچۈن قور-

قۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. توغرا پوزىتسىيە بىلەن رېئال تۇرمۇشىمىزنى بەختلىك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ.

ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنياغا قانداق كەلگىنىمىزنى بىلمىگىنىمىزدەك، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن قەيەرگە كېتىشىمىزنىمۇ بىلمەيمىز. شۇڭا ئېپكۇر بۇ دۇنياغا خۇشال - خۇرام كەلگەنگە ئوخشاش، ئۆلۈمنىڭ كېلىشىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالايلى دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۆلۈم ئالدىدا ھەسرەتلەنمەسلىكىمىز، تەڭرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قوبۇل قىلىشىمىز، بۇ دۇنيادىن خۇشاللىق بىلەن ئايرىلىشىمىز بەختلىك ھاياتىمىزنى مۇكەممەل ئاخىرلاشتۇرغانلىقىمىز بولىدۇ. ئائىلىسىدىكى قارىغاندا، ئېپكۇرمۇ ئۆلۈم ئالدىدا قىلچە قورقماپتىكەن. ئۇ بۆرەكتىكى تاش سەۋەبلىك قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى تارتىپ، بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا، ئىسسىق سۇ قاچىلانغان كۆلچەكتە يېتىپ تۇرۇپ، دوستلىرىدىن بىر رومكا ئۈزۈم ھارىقى قۇيۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئۇ ئۈزۈم ھارىقىنى ئىچكەچ، دوستلىرى بىلەن ئىچىلىپ - يېيىلىپ پاراڭلاشقان، بۇرۇنقى خۇشال ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىگەن. ئۇ مۇشۇنداق سالماقلىق بىلەن ئۆلۈمنى كۈتۈۋالغان.

ئېپكۇر، ئالدىن بىلگىلى بولمايدىغان ئۆلۈم ياكى ئازاب - ئوقۇبەتلەر ئۈچۈن پەرىشان بولماسلىقىمىزنىڭ، ھايات ۋاقتىمىزدا خۇشال - خۇرام ياشىشىمىزنىڭ ھەم رېئال تۇرمۇشىمىزغا سادىق بولۇشىمىزنىڭ، ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

رېئال تۇرمۇشۇمىزغا سادىق بولۇش ئۈچۈن، مۇھىمى تۇرمۇشتىكى زۆرۈر ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشىمىز، مۇھىم بول-

مىغان ئىشلارغا ئۆزىمىزنى ئۇپراتماسلىقىمىز ھەم ئازابلاندۇرماسلىقىمىز كېرەك.

ئېپكۇر ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى مۇنداق ئىككى خىلغا ئايرىغان: بىرى، زۆرۈر بولغان ئېھتىياج. يەنە بىرى، زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياج. زۆرۈر بولغان ئېھتىياج يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ قاتارلىقلار. زۆرۈر بولمىغان ئېھتىياج يېمەك - ئىچمەكنىڭ تەمى ياكى ياخشى - يامانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش، چىرايلىق كىيىملەرگە بولغان ئارتۇقچە ئارزۇ - ئۈمىد قاتارلىقلار. قىلچە قىممىتى يوق نام - شۆھرەتمۇ مۇشۇ خىلغا مەنسۇپ.

ئېپكۇرنىڭ قارىشىچە، بەختلىك تۇرمۇشىمىزدا بولمىسا بولمايدىغان ئېھتىياج يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، يەنە دوست ۋە پەلسەپە. بۇلارغا بىز بەك كۆپ كۈچ سەرپ قىلمىساقمۇ ئېرىشەلەيمىز. پەقەت خالىسىلا، ھەرقانداق ئادەم بەختلىك كۈن كەچۈرەلەيدۇ.

«بەختنىڭ زۆرۈر نەرسىلىرىگە ئېرىشىش ئاسان، لېكىن ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىگە ئېرىشىش تەس».

ئېپكۇر ئېيتقاندەك، مەيلى كىم بولسۇن ئارتۇقچە ئارزۇ- ئۈمىدتە بولمىسىلا، ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايمۇ بەختلىك ياشىغىلى بولىدۇ.

## خاتىمە

شەن فېڭ باشلانغۇچ مەكتەپى 6 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار بىلەن پەلسەپە ئوقۇتقۇچىسى مىڭ مۇئەللىمنىڭ ھېكايىسى مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى.

ئۇلارنىڭ تەن ئارقىلىق ھېس قىلغان ھەربىر خۇشاللىقى، روھىي جەھەتتىكى خۇشاللىق ھەم مىڭ مۇئەللىم سۆزلەپ بەرگەن ئېپكۇر ھەققىدىكى ھېكايىلەر ئارقىلىق سىز قانداق قائىدىنى ئۆگىنىۋالدىڭىز؟ ئەگەر بۇ كۆكۆللۈك پەلسەپە ۋە ئىزاھاتلار تەن ۋە روھىڭلارغا سىڭىپ كىرگەن بولسا، ئۇنداقتا ئېپكۇر كۈتكەندەك خۇشال، بەختلىك بولالايسىلەر.

«كۆكۆللۈك ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەر بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئارا ياردەملىشىپ خۇشال ـ خۇرام ئۆتتى. مەن جياۋ چوڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يىڭ زىنىڭ ئۆيىدە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈردى. چوڭ ئانىسى ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا سەممىيلىك بىلەن تاپىلىغانلىقى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ ھەر قېتىم چوڭ ئانىسىنى ياد ئەتكەندە، پۇتبولنى تېخىمۇ بەك تىرىشىپ مەشىق قىلدى. ئەگەر ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستلا پۇتبول ماھىرى بولۇپ چىقسا، بۇ چوقۇم چوڭ ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن بولىدۇ.

«غەلىتە ئۈچ كىشىلىك گۇرۇھ» تىكىلەرمۇ بۇرۇنقىدەكلا خۇشال ـ خۇرام تۇرمۇش كەچۈردى. داڭلىق ئاشپەز بولۇشنى چىن كۆڭلىدىن نىيەت قىلغان لى زەيشى كەنتتىكىلەرگە ئاندا ـ مۇنچە ئۆز قولى بىلەن قورۇما تەييارلاپ بەردى. شۇ ئارقىلىق كەنتتىكىلەرنىڭ ئۇنىڭ قورۇمىلىرىغا بەرگەن باھاسىنى ۋە ئۆزىنىڭ كۆز قارشىنى خاتىرىسىگە خاتىرلەپ ماڭدى. ئۇ:

— كەلگۈسىدە ھەممە يەردە داڭقى بار ئاشپەز بولۇپ قالسام، ئادەتتە خاتىرىلىۋالغانلىرىمنى رەتلەپ ئاشپەزلىككە دائىر كىتاب يېزىپ چىقىمەن، — دېدى.

جىن جېن بىلەن جىن شۈن ئىلگىرىكىگە ئوخشاشلا چېركاۋغا بېرىشنى توختاتمىدى. بولۇپمۇ جىن جېن «ئىنجىل» نى ئۆزى ئەستايىدىل ئوقۇپلا قالماي، «ئىنجىل » دىكى ھېكايىلەرنى باللار چۈچىكى قىلىپ توقۇپ، ئۇنى تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ، چېركاۋغا بېرىشنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، چېركاۋنىڭ ئۇنىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۇ كىتابنى ئوقۇغان چېغىڭلاردا، ئېپكۇرنىڭ دوستلىرى بىلەن دوستلۇقتىن بەھرىمەن بولغان باغ خىيالىڭلارغا كەلدىمۇ؟

زېلكوۋا دەرىخى دەل ئېپكۇرنىڭ بېغىغا ئوخشاش، كەنتتىكىلەر پەلسەپە ئۆگىنىدىغان «كۆڭۈللۈك باغ» قا ئايلاندى. بۇ «كۆڭۈللۈك باغ» دا، شەن فېڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى دوستلار پەلسەپە ئۆگەندى ھەم دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇردى......

پەلسەپەنى چۈشىنىش گەرچە تەسرەك بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىمىزغا پايدىسى، ياردىمى بولسىلا بىز سۆزلەشنى ھەرگىز توختىتىپ قويمايمىز، ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز. قەدىمكى يۇنان ھۆكۈماسى كاساندىرا گەرچە ھېچكىم ئىشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقەتنى ئاخىرغىچە سۆزلىگەن.

ئوقۇرمەنلەر، بىز يېشىمىزنىڭ كىچىكلىكى ياكى پەلسەپە ئۆگىنىشتىن قورقۇش سەۋەبلىك، يېشىمىزنىڭ چوڭىيىپ قالغانلىق ياكى پەلسەپە ئۆگىنىشتىن بىزار بولۇش سەۋەبلىك پەلسەپە ئۆگىنىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق بولمايدۇ. پەلسەپە - قەلب ساغلاملىقىنى ساقلايدىغان بىلىم. شۇڭا، ھېچكىم پەلسەپە ئۆگىنىشىمىزگە تېخى بالدۇر ياكى ئەمدى كېچىكتىم دەيدىغان ئىدىيەدە بولماسلىقى كېرەك. بىز پەقەت پەلسەپە ئۆگىنىش ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئارقىلىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىمىزنى ئاشۇرىمىز، باشقىلارنىڭ بارلىق مىننەتدارلىقىنى كۆڭلىمىزگە پۈكسەك، شۇندىلا بىز بەختلىك، خۇشال - خۇرام ياشىيالايمىز.

**图书在版编目(CIP)数据**

快乐与痛苦的故事.2：维吾尔文／（韩）朴海庸著；古再努尔·阿不汗译.－－喀什：喀什维吾尔文出版社，2013.7
(有趣的哲学启蒙书)
ISBN 978-7-5373-2944-6

Ⅰ.①快… Ⅱ.①朴… ②古… Ⅲ.①哲学－青年读物－维吾尔语(中国少数民族语言)②哲学－少年读物－维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.①B-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2013)第172402号

责任编辑：**买买提·艾沙**
美术编辑：**伊力夏提·吐尔逊**
责任校对：**阿孜古丽·克力木**

有趣的哲学启蒙书
***快乐与痛苦的故事***

| | |
|---|---|
| 作　者 | 【韩】朴海庸 |
| 翻　译 | 古丽努尔·阿不汗 |
| 策　划 | 艾尔肯·艾麦提 |
| 出　版 | 新疆人民出版总社<br>喀什维吾尔文出版社 |
| 电　话 | 0998-2653927 |
| 地　址 | 喀什市塔吾古孜路14号 |
| 邮　编 | 844000 |
| 发　行 | 新疆新华书店 |
| 印　刷 | 新疆翼百丰印务有限公司 |
| 开　本 | 880×1230毫米　1/32 |
| 印　张 | 4.625 |
| 版　次 | 2013年7月第1版 |
| 印　次 | 2014年6月第1印刷 |
| 印　数 | 1—5000 |
| 定　价 | 17.00元 |